ئۇمىد ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى پەند ـ نەسىھەت، ھېكايە، پەلسەپىۋى قائىدىلەر

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى

(3)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئۇمىد ۋە ئىلھام بەخش ئەتكۈچى پەند ـ نەسىھەت، ھېكايە، پەلسەپۋى

قائىدىلەر

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى

## 3

تۈزگۈچىلەر: شۇ باۋپىڭ
يۈۋ يىشىڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابلەت مەمەت
ئەنۋەر ئوبۇل
قەلبىنۇر ھەسەن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

3004/03

图书在版编目（CIP）数据

影响中小学生成长的99个故事.3：维吾尔文/徐宝平主编；阿布来提·买买提，艾尼瓦尔·乌布利，凯比努尔·艾山译. 一喀什：喀什维吾尔文出版社，2010.6

ISBN 978-7-5373-1835-8

Ⅰ. ①影… Ⅱ. ①徐… ②阿… ③艾… ④凯… Ⅲ. ①故事一作品集一世界一维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I14

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第110918号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾克木

责任校对：古丽巴哈尔·麦麦提依明

**影响中小学生成长的99个故事(3)**

阿布来提·买买提
译者：艾尼瓦尔·乌布利
凯比努尔·艾山

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路14号　邮编：844000）
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 6印张
2010年6月第1版　2010年6月第1次印刷
印数：1——3000　总定价：35.00元（三册）

如有质量问题，请与我联系调换　电话：0998_2290930

# كىرىش سۆز

بىز ئەزەلدىن بالىلارنى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئوخشىتىپ، بۇ قەغەزگە ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى سىزىشقا بولىدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدۇق. لېكىن، رەسىملەرنى زادى كىم سىزىدۇ؟ بالىلارنى بىر پارچە ئاق قەغەز دەپ قارىغان ۋاقىتىمىزدا، مەيلى ئائىلە باشلىقلىرى، مۇئەللىم ۋە باشقىلار بولسۇن، ھەرقانداق ئادەم ئاشۇ قەغەزگە رەسىم سىزالايدۇ. بۇنى بالىلارغا ياردەملىشىش، بىرنېمە ئۆگىتىش دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنداق ۋاقىتلاردا بالا پەقەت تەربىيەلەنگۈچىلا بولىدۇ، خالاس.

ئەمما، بالىلار ئەقىل بۇلىقى تېخى ئېچىلمىغان مۇستەقىل تىرىك جان. بالىلارنى تەربىيەلەشتە بالىلارنىڭ مېڭىسىگە نېمىنىدۇر سىڭدۈرۈپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىلا بار بولغان ئەقىل-پاراسىتىنى ئېچىش ۋە نۇرلاندۇرۇش كېرەك. ئەقىل-پاراسىتى ئېچىلغان ۋە نۇرلانغان بالىلار دۇنيا توغرىسىدا ئىزدەنگەن ۋاقىتتا، مۇئەللىم، ئائىلە باشلىقى ۋە باشقا كىشىلەر بالىلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىدىكى ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ. تەربىيەلىگۈچىنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە بىلىشىگە ياردەم بېرىش، شۇڭلاشقا تەربىيەلىگۈچى بالىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بەرگۈچى بولۇشى كېرەك.

تەربىيەنىڭ مۇھىم ھالقىسى ئۆزئارا چۈشىنىشتە.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق مائارىپچىسى تاۋ شىڭجى ئەپەن-
دى: «ھەقىقىي تەربىيە ئىي-پىكىرنىڭ بىر يەردىن
چىقىشى بولۇپ، قەلبتىن ئۇرغۇپ چىققان تەربىيەلا
كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلەيدۇ» دەپ ئېيتقان.
دېمەك، تەربىيە چوقۇم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا
ھۆرمەت قىلىش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى چۈشىنىش ئاسا-
سىدا بولۇشى كېرەك.
بالىلار ئەركىن پەرۋاز قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بالى-
لارنى تەربىيەلەشتە ئالدى بىلەن بۇ خىل ئەركىنلىككە
كاپالەتلىك قىلىش، بالىلارنى ئۆزلىرى خالاپ ئۆگىنى-
دىغان قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلار ئۆزلۈ-
كىدىن ئۆگىنىدىغان، بىلىم ئېگىلەشكە ئىنتىلىدىغان
بولىدۇ.
ئەمما، قايسى ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە
يەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ھېكايە دەرسخانىسىدىن
ئىبارەت.
ھېكايە — ئەڭ ئەھمىيەتلىك تەربىيەلەش ۋاسى-
تىسى بولۇپ، ھېكايىدىكى يوشۇرۇن، ئۈنسىز تەربىيە
دەرسخانىدىكى سىڭدۈرمە تەربىيەدىن ئۈنۈملۈك. ئەگەر
ھېكايىدىن ئىبارەت بۇ دەرسخانىدىن ياخشى پايى-
دىلىنىلسا، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى شاد-
خۇراملىققا تولىدۇ، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ نۇرغۇنلىغان
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.
كىشىلىك ھاياتتا، كۆپىنچە كىچىككىنە بىر ئىش
ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئوخشاشلا ئىنسا-
نىي خىسلەت بىلەن يۇغۇرۇلغان كىشىلىك تۇرمۇشقا دائىر
پەلسەپىۋى ھېكايىلارمۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى
ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ.

هېكايە ۋەقەلىكى ئىچىدە تۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش بالىلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، ئۆزىنى تونۇشىغا، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى قەدىر-قىممىتىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بالىلار جەمئىيەتتىكى ياخشىلىق ۋە رەزىللىكنى كۆرۈپ يېتەلمىگەندە، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەشكە ئامالسىز قالىدۇ. بالىلارنى هېكايە ئارقىلىق تەسىرلەندۈرۈش، بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە قىلىشتىكى مەقسەت بالىلارنىڭ رېئال دۇنيادىن ئىبارەت بۇ سىرلىق كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنەلىشى ئۈچۈندۇر.

بىلىم ۋە تەجرىبىنىڭ ئۈزلۈكسىز توپلىنىشىغا ئەگىشىپ، بالىلارنىڭ هېكايىدىكى تەلەپلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىدۇ. بالىلار هېكايە ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا بارا-بارا تېخىمۇ ئېنىق نىشانغا ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوقۇغۇچىلارغا هېكايىدىن بەھرىلىنىش شەكلى ئارقىلىق بىلىم ئىگىلىتىپ، بالىلارنىڭ توغرا ھەرىكەت نىشانى، توغرا قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، قولىڭىزدىكى «ئوقۇغۇچىلار هېكايە دەرسخانىسى» ناملىق بۇ كىتابنى نەشر قىلدۇق. بالىلارنىڭ هېكايە دېڭىزىدا قانغۇچە سەيلە قىلىشىنى، هېكايە ئاسمىنىدا بەھۇزۇر پەرۋاز قىلىشىنى، هېكايە دەرسخانىسىدا بىلىم ئېلىشىنى، هېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

هېكايىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەقىل- پارا-

ستىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ؛ ئەقىل ـ پاراسىتىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، قارىشىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ؛ قارىشىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئادىتىڭىزمۇ ئۆز ـ گىرىپ بارىدۇ؛ ئادىتىڭىزنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، خاراكتېرىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ؛ خاراكتېرىڭىزنىڭ ئۆز ـ گىرىشىگە ئەگىشىپ، تۇرمۇشىڭىزمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ھېكايە كىشىلىك ھاياتنىڭ باشلىنىشىنى ئۆزگەرتەلمە ـ سىمۇ، ئاخىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە نەشر قىلىنىشىغا قەشقەر سەمەن ساياھەت گۇرۇھىنىڭ لىدىرى ئىبراھىم سەمەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەمدە بولدى، قەشقەر گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئابلەت جۇمە تۇپراق ھەمكارلاشتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن

2006 ـ يىل يانۋار

# مۇندەرىجە

## گۈزەل ئىنساني پەزىلەتنى نامايان قىلىش


ئېغىرغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش ............ 2
مۇھەببەت چەمبىرىكى ........... 7
مېھرىبانلىق ھەققى ............... 13
پەرىشتىنىڭ قانىتى ............... 20
روزدېستۋو سوۋغىسى ............... 26
ئۆزگەرگەن ھايات ............... 32
پۇرسەتنى باشقىلارغا قالدۇرۇش ............ 37
بارغانلىكى جايى يېشىللىققا پۈركىنىش ........ 42
ھايات ماختاشقا موھتاج ............... 49
بىر ئىستاكان سۈت بەخش ئەتكەن مېھىر- مۇھەببەت 54


## مۇكەممەل خاراكتېر يېتىلدۈرۈش


قىممەتلىك «مىزان» ............... 59
بىر پارچە بولكا ............... 67
ئەزىمەتلەرنىڭ رىقابىتى ............... 72
كەڭ قورساقلىق ............... 77
بىر تال كونا تىللا ............... 82
چاك كەتكەن كومزەك ............... 88
يار لېۋىگە بېرىپ قېلىش ............... 92

شەھەرلىك چاشقان بىلەن سەھرالىق چاشقان ..... 96
ئىمپېراتور ۋە مايور .............................. 100
ئەڭ مۇھىمى چىن كۆڭۈل .............................. 106
قايتا ئۇچرىشىش ۋە مەڭگۈلۈك خوشلىشىش ....... 111
سىز چېچىلغاقمۇ؟ .............................. 114
شۇئۇرغاندا تۇرۇش .............................. 118

## ھاياتنى كۆچنى ئۇرغۇتۇش

مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش .............................. 123
ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش .............................. 127
ھەربىي دۇمباقنى چېلىش .............................. 133
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك .............................. 138
ئۆزىگە تايىنىش .............................. 143
ھاياتلىق سەپىرى .............................. 147
چوڭ بېلىقنىڭ دەرياغا ئاتلىنىشى .............................. 151
تىز پۈكمەس نوبېل .............................. 157
مەڭگۈ ئالغا ئىنتىلىدىغان شرودېر .............................. 162
ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىش .............................. 168
داۋىي ۋە گىگانت ئادەم گولىيات .............................. 174

# گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتنى
# نامايان قىلىش

# ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش

بىر كۈنى ئەنگلىيەلىك فىلىمىنگ ئىسىملىك نامرات دېھقان ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز يېقىن ئارىلىقتىكى سازلىقتىن «قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ، ئۇ قولىدىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تاشلاپ، تېزلىكتە سازلىققا بېرىپ، بىر كىچىك بالىنىڭ پاتقاقلىقتا تىركىشىۋاتقانلىقىنى، لاتقا بالىنىڭ بەل قىسمىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، هايات - ماماتقا قارىماي بالىنى قوتقۇزۇۋاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى هەشەمەتلىك بىر كىچىك پىكاپ بۇ دېھقان ئەمگەك قىلىۋاتقان ئېتىزلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپتۇ. ماشىنىدىن سالاپەتلىك ئەنگلىيەلىك بىر ئاقسۆڭەك چۈشۈپ، دېھقانغا ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنغان بالىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، ئالايىتەن رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

دېھقان:

— بۇ ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش، — دېگەندە،

ئاقسۆڭەك:

— مەن ئازراق پۇل بىلەن سىزگە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىغان، سىز مېنىڭ بالامنىڭ هاياتىنى قوتقۇزۇۋالدىڭىز، — دەپتۇ. دېھقان جاۋابەن:

— ماگا جاۋاب قايتۇرۇشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق، مەن كىچىككىنە بىر ئىش قىلىپ، ئۇنىڭدىن نەپ ئېلىشنى ئويلاپ باقمىغان. بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم، — دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا دېھقاننىڭ ئوغلى ئۆيدىن چىقىپ كەپتۇ. ئاقسۆڭەك دېھقاندىن:

— ئۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ؟— دەپ سوراپتۇ. دېھقان:

— هەئە، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاقسۆڭەك:

— مەن سىزگە بىر تەكلىپ بېرەي، مېنى ئوغلىڭىزنى ئېلىپ كەتكىلى قويسىڭىز، مەن ئوغلىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغان تەربىيە مۇهىتى يارىتىپ بېرىمەن. ئەگەر ئۇ سىزگە ئوخشىسا، چوقۇم سىزنى پەخىرلەندۈرگۈدەك ئەزىمەت بولۇپ چىقىدۇ، — دەپتۇ. دېھقان ئاقسۆڭەكنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ.

يىللار ئۆتۈپ، دېھقاننىڭ ئوغلى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، دۇنياغا داڭلىق دوختۇر بولۇپ چىقىپتۇ. نەچچە يىلدىن كېيىن ئاقسۆڭەكنىڭ ئوغلى ئۆپكە ياللۇغى بىلەن يېتىپ قاپتۇ، پېنىسلىن ئوكۇلى ئارقىلىق ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپتۇ.

ھېلىقى ئاقسۆڭەك ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلدە ئەنگلىيەنىڭ باش ۋەزىرلىكىنى ئۆتىگەن ھەمدە ئەنگلىيە خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ناتسىستلار گېرمانىيەسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان چېرچىل ئىدى.

دېھقاننىڭ ئوغلى بولسا پېنسىلىننى كەشىپ قىلغۇچى ئالېكساندىر فېلىممىڭ ئىدى.

بۇ «ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش» دۇنيا تارىخىنى ئۆزگەرتكەن.

**【تەسرات】**

## باشقىلارغا شەپقەت يەتكۈزگەنلىك ئۆزىگە شەپقەت يەتكۈزگەنلىكتۇر

بىر «ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىش» ئىككى ئۇلۇغ ئادەمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، دۇنيا تارىخىنى ئۆزگەرتىدۇ. بىزنىڭ بۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتىمىز شۇ بولدىكى: «باشقىلارغا شەپقەت يەتكۈزگەنلىك ئۆزىگە شەپقەت يەتكۈزگەنلىكتۇر.»

بىز دائىم بەزى كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ باشقىلارغا پايدىلىق، ئەمما ئۆزىگە «ئازراقمۇ پايدىسى يوق» ئىشلار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىز بەلكىم ئۇلارنى مەسخىرە قىلىشىمىز، ئۇلارنى سارالڭ دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەقىقەتەن ئەقىللىق كىشىلەردۇر. باشقىلارغا مېھىر- شەپقەت يەتكۈزسىڭىز، سىز ھامىنى تېگىشلىك جاۋابقا ئېرىشىسىز، بۇ ھەم ئۆزىمىزگە مېھىر- مۇھاببەت ئېلىپ كېلىدۇ.

بۈرۈن بىر سودىگەر قاپقاراڭغۇ يولدا ناھايىتى

ئىھتىيات بىلەن مېڭىپتۇ. ئۆيدىن چىققاندا يورۇتىدىغان نەرسە ئېلىۋالمىغانلىقىغا ئۆكۈنۈپتۇ. تۇيۇقسىز ئالدىدا بىر چىراغ نۇرى پەيدا بولۇپتۇ ھەمدە بارا- بارا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ. چىراغ نۇرى يېقىندىكى يولنى يورۇتۇپ، سودىگەرنىڭ يول مېڭىشىغا قۇلايلىق ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ چىراغ نۇرىغا يېقىن كەنگەندە، ئاندىن پانۇس كۆتۈرۈۋالغان كىشىنىڭ ئەما ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ.

سودىگەر ناھايىتى ئەجەبلەنگەن ھالدا ئەما كىشىگە:

— سىزنىڭ بىر جۈپ كۆزىڭىز كۆرمەيدىغان تۇرسا، نېمىشقا پانۇس يېقىۋالدىڭىز؟ چىراغ مېيىنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەمسىز؟— دەپتۇ.

ئەما كىشى سودىگەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سالماقلىق بىلەن:

— مېنىڭ پانۇس يېقىشىم باشقىلارغا يول يورۇتۇپ بېرىشىم ئۈچۈن ئەمەس، بەلكىم قاراڭغۇلۇقتا يول مېڭىش ئۈچۈندۇر، باشقىلار ھەمىشە مېنى كۆرمەي سوقۇۋېتىپ قالىدۇ. مەن پانۇس يېقىپ يول ماڭسام، چىراغ نۇرى گەرچە ئالدىمدىكى يولنى كۆرۈشۈمگە ياردەم بېرەلمىسىمۇ، ئەمما، باشقىلار مېنى كۆرەلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا مەن باشقىلار تەرىپىدىن سوقۇلۇپ كەتمەيمەن، — دەپتۇ.

بۇ ئەما كىشى پانۇس يېقىپ قاپقاراڭغۇ يولنى يورۇتۇپ، باشقىلارغا قۇلايلىق ئېلىپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىمۇ قوغداپ قالغان. ھىندىستان

ماقال- تەمسىللىرىدىكى: «قېرىندىشىڭىزنىڭ قېيىق ھەيدەپ دەريادىن ئۆتۈشىگە ياردەم بەرسىڭىز، سىزمۇ دەريادىن ئوڭايلا ئۆتۈۋالىسىز» دېيىلگىنىدەك، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش ئارقىلىق بىر- بىرىنىڭ كۆڭۈل ئاغرىقىنى داۋالىغىلى بولىدۇ.



# مۇھەببەت چەمبىرىكى

ۋېللىي تۇغما يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىچىك بالا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئوچۇق- يورۇق، شوخ بولۇپ، كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئۈمىدۋار ۋە خۇشال- خۇرام يۈرگەچكە، ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئۇنىڭ ھەر ۋاقىت ئالەمدىن ئۆتۈش ئېھتىمالى چوڭ بولغان كېسىلى بارلىقىنى بىلەتتى.

ۋېللىينىڭ ئەتىگەن تۇرۇپ چېنىقىدىغان ئادىتى بار ئىدى. گەرچە دوختۇر ئۇنىڭ كۈچلۈك، ئېغىر ھەرىكەتلەرنى قىلىشنى چەكلىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، قۇياشقا قاراپ گۈزەل بىر كۈننىڭ باشلىنىشىغا ئۈمىدۋار- لىق بىلەن قارايتتى. سۇس تۇمان ۋە ئىس- تۈتەك ئەتراپىنى قاپلىغان بىر ئەتىگىنى ۋېللىي شەھەر مەر- كىزىدىكى مەيدانغا بېرىپ بىر ئادەمنىڭ يەردە ياتقان- لىقىنى، چىرايىنىڭ تاتىرىپ، نەپىسىنىڭ ئاجىزلاپ، خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ۋېللىي بۇرۇنلا يۈرەك كېسىلى قوزغالغان ۋاقىتتىكى ئازابنى بىلگەچكە، بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ ئاغرىقىنى بىۋاستە ھېس قىپتۇ. تۆت ئەتراپ ناھايىتى جىمجىت بولۇپ، ئەتىگىنى ھەقىقىي چېنىقىدىغانلار ئادەتتە بۇ يەرگە كەلمەيدىكەن.

ۋىللىي ئۆزى يالغۇز ھەرقانداق قىلىپمۇ بۇ بەستلىك كىشىنى يۆلەپ تۇرغۇزالمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋاقىت بەك قىس ئىدى، ۋىللىي دوختۇر-نىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، ئىككىسكەن ھالدا ئۇنىڭ كىيىمىدىن تارتىپتۇ. مۇشۇنداق قىلىپ، ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن ۋىللىي پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاز-ئازدىن سۆرەپ، بۇ ئادەمنى 200 مېتىر يەرگىچە ئاپىرىپتۇ. ئاخىرىدا باشقىلار ئۇلارنى بايقاپتۇ، ۋىللىي پەقەت «ئۇنى تېزدىن دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار» دەپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

ۋىللىي ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ناتونۇش كىشىنىڭ يېقىملىق چىرايىنى كۆرۈپتۇ. ناتونۇش كىشى ئىزا تارتقان ھالدا ۋىللىيگە:

— كەچۈرۈڭ، مەن ھاراقنى كۆپ ئىچىۋېلىپ كوچىدا يىقىلىپ قاپتىمەن، ئەگەر سىز مېنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسىڭىز، دوختۇرنىڭ دېيىشىچە كوچىدا توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدىكەنمەن، سىزنىڭ يۈرەك كېسىلىڭىز ھاياتىڭىزنى ئاخىرلاشتۇرغىلى تاسلا قاپتۇ، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھايا-تىڭىزنى ئالدىنقىسىغا ئېلىپ قويۇپ مېنى قۇتقۇزۇۋاپسىز. مەن سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى ھەقىقەتەن بىلەل-مەي قالدىم، — دەپتۇ. ۋىللىي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ماڭا ھازىر ھېچ ئىش بولمىدى، سىزگىمۇ ھېچ ئىش بولمىدى. بۇنىڭ ئۆزى ئەڭ چوڭ رەھمەت، — دەپتۇ. ناتونۇش كىشى چوقۇم ۋىللىيگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈ-رىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋىللىي بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن

كېيىن، — ماڭا راستىنلا سىزنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈ-
رۈشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق، پەقەت سىزنىڭ مېنىڭ سىزنى
قۇتقۇزۇۋالغانلىقىمغا ئوخشاش، ئاماللىڭىز بولسىلا، سىز-
دىنمۇ ناچار مۇھىتتا تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن ناتونۇش كىشىلەر-
نى قۇتقۇزۇڭ، مېنىڭچە بۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، — دەپتۇ.
نۇرغۇن يىللار ئۆتىسىمۇ، ۋېللېي يەنىلا دوختۇر بو-
رۇن دېگەن ۋاقىتتىنمۇ نەچچە ھەسسە ئۇزاق ياشىدى.
ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا خۇشال-خۇرام يۈرەتتى ھەم ھەربىر
ئادەمگە سەممىي مۇئامىلە قىلاتتى، باشقىلارنىڭ
ئېھتىياجى چۈشسە، ئامالىنىڭ بارىچە ياردەم بېرەتتى.
ئەمما، ۋېللېينىڭ كېسىلى ئاخىر قىشنىڭ بىر كۈنى
ئەتىگەندە ئۇنى يىقىتتى. شۇ چاغدا ۋېللېي يىراقراق بىر
جايدا ئايلىنىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز يۈرىكىنىڭ بىردىنلا
قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىرقانچە قېتىم
تىركىشىپ باققان بولسىمۇ، ئاخىر چىداپ بولالماي
يەرگە يىقىلىدۇ.
ۋېللېي ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىدا
ياتقانلىقىنى، يېنىدا ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل
بالىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈمچانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇر-
غانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، بالىنىڭ
قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:
— رەھمەت سىزگە، سىز مېنى قۇتقۇزۇۋالدىڭىز. مېنى
قانداق بايقاپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىغاندا، بالا ناھايىتى
خۇشاللانغان ھالدا:
— مەن ئەتىگەن بوۋامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھەمراھ

بولماقچىدىم، مېنىڭچە ئاشۇ يەرگە كەلگەندە، سىزنىڭ يەردە ياتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ قالدىم، مەن بوۋامنىڭ ياش ۋاقتىدا ماڭا ئوخشاش بىر ئوغۇل بالا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىق ئىشى ئېسىمگە چۈشۈپ، مەنمۇ چوقۇم قىلالايمەن دېگەنلەرنى ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ سىزنى سۆرىدىم. بەختىمگە يارىشا سىز ئېغىر ئەمەسكەنسىز، مەن غەلىبە قىلدىم، قايتقاندىن كېيىن بۇ ئىشنى چوقۇم بوۋامغا دەپ بېرىمەن، ئۇ ماڭا ھەربىر ياردەمگە ئېھتىياجلىق ناتونۇش كىشىلەرگە ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ياردەم بېرىشنى ئېيتقان، مەن بۈگۈن بۇنى ئىشقا ئاشۇردۇم، — دەيدۇ.

ۋېللىي كۆڭلىنى قانداق سۈپەتلەشنى بىلمەي قالىدۇ. بىر قېتىملىق باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ئۆمۈر بويى تۈگىمەس شەپقەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مۇھەببەت راستىنلا قەلبداشلار چەمبىرىكى بولۇپ، مېنىڭكىدە سىز بار، سىزنىڭكىدە مەن بار. مۇھەببەت كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق گۈزەل ئەخلاق ۋە مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ.

**【تەسرات】**

## مۇھەببەتنىڭ چېگرىسى يوق

ۋېللىي كۈچىنىڭ بارىچە ناتونۇش كىشىنى قۇتقۇزۇۋالغاندا، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن تاسادىپىي ھالدا ئۇ

ناتونۇش كىشىنىڭ نەۋرىسى تەرىپىدىن ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان. لېكىن، ئۇ بالىدا ئىلگىرى بوۋىسىنى بىر كىچىك بالا قۇتقۇزۇۋالغانلىق سەۋەبىدىن، بوۋىسىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ياردەمگە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بېرىش دېگەن قاراش شەكىللەنگەن. شۇ سەۋەبتىن ۋىللىي چوڭقۇر چۈشەنگەن ھالدا: «مۇھەببەت بولسا سىزنىڭكىدە مەن، مېنىڭكىدە سىز بولغان بىر مۇھەببەت چەمبىرىكى» دېگەن. ئەمما، بىز يەنە «مۇھەببەت چەمبىرىكى» دېگەن بۇ ھېكايىدىن مۇھەببەتنىڭ چېكى يوقلۇقىنى بىلەلەيمىز.

ۋىللىي كۈچ-قۇدرىتىنىڭ چەكلىكلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، باشقىلار ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتلاردا ياردەم قىلالايدىغانلا بولسا ياردەم بەرگەن. گەرچە ھېكايىدا ئۇنىڭ ناتونۇش كىشىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىق ئىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىمىز ئىشلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ ئويلاپ باقساق، نۇرغۇن ئادەملەر ۋىللىينىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. ۋىللىي ھەرقانداق ھەقنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ باشقىلارغا خالىسانە ياردەم بېرىشىنى، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەندە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھېكايىدا بايان قىلىنغان پېرسوناژغا ئوخشايدىغان ناتونۇش كىشى ۋىللىينى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن، داۋاملىق تۈردە ۋىللىينىڭ ئۈمىدىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپلا قالماستىن، يەنە ۋىللىينىڭ ئۈمىدىنى

باشقىلارغا تارقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «باشقىلار ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باشقىلارغا ياردەم بېرىش»نى بىلىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىدۇ، مۇھەببەت چەمبىرىكى تېخىمۇ چوڭقۇر، قويۇق مۇھەببەت ئىچىدە ئۈزلۈكسىز چوڭىيىدۇ، مۇھەببەتمۇ چېگرىسىز ھالدا داۋاملىشىدۇ.

دەرۋەقە ۋېللىپىنىڭ ھېكايىسى بىزگە مۇھەببەتنىڭ كۈچىنى روشەن ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇ بىزنى باشقىلار ئېھتىياجلىق ۋاقىتلاردا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە باشقىلارغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇشقا، بۇ دۇنيادا تېخىمۇ كۆپ بولغان گۈزەل ئەخلاق ۋە مۆجىزىلەرنى يارىتىشقا، مۇھەببەتنى چەك-چېگرىسىز داۋاملاشتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.



# مېھرىبانلىقنىڭ ھەققى

ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى كەچتە، قارىغاي قورغىنىدىكى تۇل ئايال بەش گۆدەك پەرزەنتى بىلەن گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانىدى. گەرچە باللىرى خۇشال سۆزلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلبىنى دەرد- ئەلەم قاپلىغانىدى. بۇ كەڭرى، ئەمما سوغۇق دۇنيادا ئۇنىڭ بىرمۇ دوستى ۋە ھېچقانداق تايانچىسى يوق ئىدى. بىر يىلدىن بېرى ئۇ ئاشۇ بىر جۈپ ئورۇق، ئاجىز قولى بىلەن پۈتۈن ئائىلىنى قامداپ كېلىۋاتاتتى.

بۈگۈنكى قەھرىتان قىشتا ئورمانلىق ئاللىقاچان ئاپپاق كۈمۈش يېپىنچىسىنى يېپىنغان بولۇپ، شامال قارىغاي شاخلىرىنى مىدىرلىتىپ شاراق-شاراق ئاۋاز چىقىراتتى، تۇل خوتۇننىڭ كىچىك ئۆيىمۇ تىترەيتتى. ئۆيدىكى گۈلخاندا سېلىد بېلىقى قاقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ بىردىنبىر ئوزۇقلۇقى ئىدى. ئۇ باللارنىڭ خۇشاللىققا تولغان چىرايىغا قارىغىنىدا، قەلبى تېخىمۇ چەكسىز قايغۇ- ھەسرەت ۋە بىئاراملىققا تولاتتى. شۇنداق، ئۇ تەڭرىنىڭ ئىزچىل ئۆزىنى قوغداۋاتقانلىقىغا ھەم ئۆزىنىڭ دەرد- ئەلىمى ۋە كەمبەغەللىكىنى چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، ئۇ يەنە تەڭرىنىڭ يېتىم بالا، تۇل ئانىغا شەپقەت قىلىدىغانلىقىنى

بىلەتتى، ئەمما ئۇ ھازىر ئاۋالقىدەكلا ئىنتايىن قايغۇ-ھەسرەت ئىلاجسىزلىقتا قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

بىرقانچە يىل بۇرۇن، تەگرى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئوغلىنى ئېلىپ كەتتى، ئۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ، ناھايىتى يىراق جايلارغا بېرىپ، خەزىنە ئىزدىگىلى كەتكەنچە ئىز-دېرەكسىز غايىب بولۇپ قايتىپ كەلمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي تەگرى يەنە ئەزرائىلنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھەمرىيى ۋە تايانچىسى بولغان ئىرىنى ئېلىپ كەتتى. ئەمما، ئۇ ئەزەلدىن چۈشكۈنلەشمىدى. ئۇ جاپالىق ئەمگەك قىلىپ باللىرىنى بېقىپلا قالماي يەنە پات-پات باشقا كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىپ تۇراتتى.

ھۇرۇن ئادەم پەقەت ھايات قېلىش ئۈچۈنلا نامرات-لىقتا چىدايدۇ. ئەمما، شەخسىيەتچى ئادەم قەھرىتان سوغۇقتا سىناققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار-نىڭ ھېسسىياتى شۇ تۈپەيلى ئازابلانمايدۇ، ئۆزىمۇ قايغۇرمايدۇ. قايناق بازارلاردا ئەڭ ياردەمسىز قالغان ئادەملەردىمۇ يەنىلا ئۈمىد بولىدۇ، چۈنكى جاپا چەككەچكە رەھىمدىللىك يەنىلا ئۇلاردىن خەيرخاھلىق قىلغۇچىلارنىڭ بىر جۈپ قولىنى پۈتۈنلەي تارتىۋالمايدۇ.

لېكىن، قارىغاي قورغىنىدىكى بۇ تۇل ئايال ئىنى-سانلارنىڭ رەھىمدىللىكىگە ئازراقمۇ نائىل بولالمىدى، يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تەسەللى بولالمىدى. ئۇ ھالا بۇگۇنكى كۈندە ئىلاجسىز قېلىپ، قەددى پۈكۈلدى، ھازىر ئەڭ ئاخىرقى يېمەك-

لىكنى باللارغا بۆلۈپ بېرىش ئالدىدا تۇراتتى.

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى يېمەكلىكنى ئۈستەلگە قويۇشىغلا، ئىشىكنىڭ چېكىلگەن ۋە ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنىڭ دىققىتى قوزغىلىپ، باللار بىر-بىرىگە يول بېرىشمەي، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. بوسۇغىدا تۇرقىدىن ئىنتايىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان بىر يولۇچى تۇراتتى، ئۇنىڭ كىيىملىرى جۇل-جۇل بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنتايىن ساغلام ئىدى. يولۇچى ئۆيگە كىرىپ، بىر كېچە قونۇپ قېلىشنى ھەمدە ئازراق يېگۈدەك بىرنەرسە بېرىشنى ئۆتۈندى ۋە:

— مەن پۈتۈن بىر كۈن بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمىگەنىدىم، — دېدى. تول ئايال بۇنى ئاڭلاپ ئىچى ئاغرىپ، ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۇنتۇپ، قىلچە ئارىسالدى بولماي، ئەڭ ئاخىرقى ئازغىنە يېمەكلىكتىن بىر ئۈلۈشنى يولۇچىغا بەردى ھەمدە باللارغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىز بۇ كېچىككىنە ساۋابلىق ئىشنى قىلىشتىن ھەرگىز باش تارتمايمىز، شۇنداقلا مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن تېخىمۇ قىيىنچىلىققا مۇپتىلا بولمايمىز، — دېدى.

يولۇچى تەخسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، تەخسىدىكى يېمەكلىكنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەجەبلەنگەن ھالدا بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرىگە قاراپ:

— ۋاي خۇدايىمەي، سىلەردە پەقەت مۇشۇ ئازغىنە يېمەكلىك بارمىتى؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ، — يې-

ـمەكلىك ئاز بولسىمۇ، سىلەر يەنىلا بىر ناتونۇش ئادەمگە بۆلۈپ بەردىڭلار، سىلەر ھەقىقەتەن بەك ئاق كۆڭۈل ئىكەنسىلەر! سېخىيلىق قىلىپ ماڭا ئەڭ ئاخىرقى ئازغىنە يېمەكلىكنى بۆلۈپ بەرسىڭىز، بۇ بىچارە باللار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەمدۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى تۇل ئايال ئىختىيارسىز يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭ يەنە بىر ئوغلۇم بار ئىدى، دۇنيانىڭ قايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا يۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بول-ـمايدۇ. ئەگەر ئۇنى تەڭرى ئېلىپ كەتمىگەنلا بولسا، مەن سىزگە مۇئامىلە قىلغاندەك، باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنى تىلەيمەن. تەڭرىنىڭ شەپقىتى كەڭ زېمىننى قاپلىغان مۇشۇ دەقىقىدە، مېنىڭ ئوغلۇم تەرەپ-تەرەپلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، سىزگە ئوخشاش ھالسىراپ ئاچ قالغاندۇ. مەن پەقەت ئۇ-نىڭ باشقا بىر ئائىلە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بەلكىم بۇ بىر ئائىلىمۇ بىزگە ئوخشاش نامرات بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، مەن قانداقمۇ تەڭرىدىن يۈز ئۆرۈيەلەيمەن، سىزنى قوبۇل قىلىشىمۇ سەمىمىي بولماي قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

تۇل ئايال سۆزىنى تۈگىتىپ بولۇشىغىلا، يولۇچى ھاياجانلانغان ھالدا يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇل ئايالنى قۇ-چاقلاپ:

— تەڭرى دەرۋەقە ئوغلىڭىزنى بىر ئاق كۆڭۈل ئائىلە تەرىپىدىن ئېلىپ قالدى ھەمدە ئۇنىڭغا بايلىق ئاتا قىلدى، ئۇنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلغۇچىغا رەھ-

ـمەت ئېيتقۇزماقچى، ئاھ ئانا، سۆيۈملۈك ئانا،ــ دېدى. ئەسلىدە يولۇچى تۇل ئايالنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزاق يىل بولغان ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئەمدىلا ھىندىستاندىن قايتىپ كېلىشى ئىكەن. ئۇ ئۆيدىكىلەرنى بىر ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سالاھىيەتىنى يوشۇرغانىكەن. دەرھە- قىقەت بۇ كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرىدىغان، كىشىنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان بىر ھېكايىدۇر.

【تەسرات】

## ياخشىلىققا ياخشىلىق

ھېكايىدىكى ئايال پېرسوناژ بىرگە كىشىلىك ھاياتىنىڭ بىر سائەتلىك پەلسەپىۋى دەرسىنى بەردى، ئۇ يەنە بىزگە كىشىلىك ھاياتتىكى ئاق كۆڭۈللۈك ۋە گۈ- زەللىكنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن بىز مۇنداق بىر تەسىراتقا ئىگە بولىمىز: ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر جايدا بار.

ئادەم ياشايدىكەن، چوقۇم باشقىلارغا ياردەم بېرى- شى، باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشى كېرەك، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي خۇشاللىقنى ھېس قىلالايدۇ.

بىر پەيلاسوپ بىر قېتىم ئوقۇغۇچىلىرىدىن:

ــ دۇنيادا ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە نېمە؟ــ دەپ سوراپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلار بەس- بەس بىلەن

ئورنىدىن تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوقۇغۇچى:

— دۇنيادا ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسە ئاق كۆڭۈللۈك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ پەيلاسوپ:

— توغرا، سەن ئېيتقان «ئاق كۆڭۈللۈك» دېگەن سۆزگە ئۇلارنىڭ بارلىق جاۋابى مۇجەسسەملەنگەن. چۈنكى، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ؛ باشقىلارغا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى ھەمراھ، سۆيۈملۈك دوست بولالايدۇ، — دەپتۇ.

ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك، ئوچۇق- يورۇقلۇق، مەردلىكنىڭ ھەممىسى قىممەتلىك بايلىق، بۇ خىل بايلىقنى مىليون يۈەنلىك ئائىلە مۈلكىگە سېلىشتۇرغاندىمۇ يەنىلا قىممەت، بۇنداق بايلىقى بار كىشىلەرنىڭ بىر سىنت پۇلى بولمىسىمۇ، يەنىلا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ھەممىنى چۈشىنىپ، بارلىق كۈچى بىلەن باشقىلارغا خىزمەت قىلسا، ئۇنىڭ ھاياتى كەلگۈسىدە چوقۇم كىشى ھەيران قالغۇدەك تەرەققىي قىلىدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى گۈزەل ئەخلاق ئىناقلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك ۋەجدىن ئەڭ قىممەت نەرسىدۇر.

كىشى باشقىلارغا ياردەم ۋە ئىلھام بېرىش سەۋەبىلىك ئۆزى زىيان تارتماستىن، ئەكسىچە ھوسۇلغا ئېرىشىدۇ. ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا قىلغان ياردىمى ۋە بەرگەن ئىلھامى كۆپ بولغانسېرى، باشقىلاردىن ئېرىشىدىغان نەرسىسىمۇ كۆپ بولىدۇ. لېكىن، شۇنداق

بىر خىل بىخىل كىشىلەر باركى، ئۇلار باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۇقمايدۇ، باشقىلارغا ياردەم بەر- مەيدۇ، رەھىمسىزلىك ئۇلارنى يالغۇزلۇققا مۇپتىلا قىلىدۇ. بەزىدە بىرقانچە ئېغىز ياخشى گەپ- سۆز نۇرغۇن غالىبلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ، شۇنداقلا دۇنياغا چوڭ پايدا ئېلىپ كېلىدۇ.

دۇنيانىڭ ھەممىلا جايىدا خەلقپەرۋەر شاپائەتچىلەر ئۇچۇن تۇرغۇزۇلغان خاتىرە مۇنارلىرى بار، بۇ خاتىرە مۇنارلىرى تاش ياكى مىستىن ياسىلىپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن، بولۇپمۇ شەپقەتكە ئېرىشكۈچىلەر ۋە تەسىرلەنگۈچىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاق كۆڭۈللۈك كىشىلەرگە ناھايىتى چوڭ ھوسۇل بېرىدۇ.

ئەگەر كىشى ئۆز ھاياتىدا خىلمۇخىل خۇشاللىققا ئېرىششنى ئويلىسا، پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىماي، باش- قىلارنى ئويلىشى كېرەك. چۈنكى، خۇشاللىق — سىز باشقىلارغا، باشقىلار سىزگە قىلغان ياخشىلىقتىن كېلىدۇ.



# پەرىشتىنىڭ قانىتى

خۈيزىنىڭ دۈمبىسىدە (بوينىدىن تارتىپ، بەل قىسمىغىچە) ئىنتايىن ئېنىق ئىككى تاتۇقى بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرەتتى. شۇڭلاشقا، خۈيزى كىيىم ئالماشتۇرۇشتىن، بولۇپمۇ تەنتەربىيە دەرسىگە كىرىشتىن ئىنتايىن قورقاتتى. باشقا كىچىك باللار خۇشال- خۇرام ھالدا مەكتەپ فورمىسىنى سېلىپ، ئازادە تەنھەرىكەت كىيىمىنى ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا، خۈيزى تاتۇقىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ھەمىشە ئۆزى يالغۇز ئۇغرىلىقچە بولۇڭ- پۇچقاقلارغا مۆكۈنۈپ، دۈمبىسىنى تامغا چاپلاپ تۇرۇپ، ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئالماشتۇراتتى. لېكىن، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى باشقا كىچىك دوستلىرىمۇ ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى تاتۇقنى يەنىلا بايقاپ قاپتۇ.

— بەك قورقۇنچلۇقكەن! غەلىتە مەخلۇق!

تۈپتۈز، مەقسەتسىز ئېيتىلغان بۇنداق گەپ- سۆزلەر خۈيزىنى ئازابلايتتى. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، خۈيزىنىڭ ئاپىسى ئالاھىتەن مۇئەللىمنى ئىزدەپ:

— خۈيزى تۇغۇلۇپلا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى، ئەينى چاغدا ئۇنى تاشلىۋېتىشنى ئويلىغان بولساقمۇ، لېكىن يەنىلا چىدىمىدۇق. چۈنكى، ئۇ بىر

ھاياتلىقتە، ئۇنى قانداقمۇ ئۇڭايلىقچە تاشلىۋەتكىلى بول-
سۇن؟ بەختكە يارىشا بىر داڭلىق دوختۇر ئوپېراتسىيە
قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۈم-
بىسىدە ئىككى تال تاتۇق قېپقالدى.— دەپتۇ ۋە خۇيزىگە
قاراپ،— كېلىڭە بالام، مۇئەللىم كۆرۈپ باقسۇن،—
دەپتۇ.

خۇيزى بىرئاز ئارسالدى بولۇپ، چاپىنىنى ساپتۇ.
مۇئەللىم خۇيزىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئىككى تاتۇقنى كۆرۈپ
ھەيران قاپتۇ ھەم ئىچى ئاغرىغان ھالدا:

— يەنە ئاغرىمدۇ؟— دەپ سورىغانىكەن، خۇيزى
بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— ياق،— دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، مۇئەللىم ھەمىشە ئەگەر كىچىك
دوستلارنىڭ خۇيزىنى مەسخىرە قىلىشىنى چەكلىسەك، پە-
قەت ۋاقتىنچە ھەل قىلغىلى بولىدۇ، تۈپتىن ھەل قىلغىلى
بولمايدۇ، خۇيزى چوقۇم يەنىلا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدۇ.
چوقۇم ياخشى چارە تېپىش كېرەك دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

مۇئەللىمنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز يالت قىلىپ بىر
ئەقىل كەپتۇ، ئۇ خۇيزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەتىدىكى تەنتەربىيە دەرسىدە سىز چوقۇم كۆيپ-
چىلىك بىلەن بىرگە كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرۇڭ،— دەپتۇ.

خۇيزى كۆزلىرىدىن ئۈنچىدەك ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— لېكىن، ئۇلار يەنىلا مېنى مەسخىرە قىلىپ، غەلىتە
مەخلۇق دەيدۇ،— دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مۇئەللىمنىڭ ئامالى بار، باش-

ـقىلار سىزنى مەسخىرە قىلمايدۇ، راستلا!

ئەتىسى تەنتەربىيە دەرسىگە كىرىشتە، خۇيزى قو-رۇنغان هالدا بۇلۇڭغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ چاپىنىنى ساپتۇ، دەرۋەقە ئويلىمىغان يەردىن بىر ساۋاقدىشى قوپاللىق بىلەن «نېمىدېگەن يىرگىنىشلىك!» دەپتۇ.

خۇيزى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، يىغلاپ كىتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، مۇئەللىم كىرىپ كەپتۇ. بىرقانچە ساۋاقداش مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈ-رۈپ بېرىپ:

— مۇئەللىم، قاراڭ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە، بەك قور-قۇنچلۇقكەن، خۇددى چوڭ قۇرتقا ئوخشايدىكەن،— دەپتۇ.

مۇئەللىم گەپ قىلماي، ئاستا خۇيزىنىڭ يېنىغا بېرىپ، چىرايىدىن ئەجەبلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىگەچ:

— بۇ قۇرت ئەمەس.

مۇئەللىم سىنچىلاپ قاراپ، ئالاهىدە مېهرىبانلىق بىلەن خۇيزىنىڭ دۈمبىسىگە قاراپ:

— مەن ئىلگىرى بىر هېكايە ئاڭلىغان، كۆپچىلىك ئاڭلاشنى خالامسىلەر؟— دەپتۇ.

كىچىك دوستلار هېكايە ئاڭلاشنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، مۇئەللىمنى ئورىۋېلىشىپتۇ. مۇئەللىم:

— بۇ بىر رىۋايەت. هەربىر كىچىك دوستىنىڭ هەم-مىسى ئەرشتىكى پەرىشتىدىن ئۆزگەرگەن، بەزى پەرىش-تىلەر كىچىك دوستقا ۋاقتىدا ناهايىتى تېزلا قانىتىنى تاشلىيالايدۇ، يەنە بەزى پەرىشتىلەرنىڭ ئاستا

بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قانىتىنى تاشلاشقا ئۇلگۇرەلمەي قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاشۇ پەرىشتىدىن ئۆزگەرگەن كىچىك بالىلارنىڭ دۈمبىسىدە مۇشۇنداق ئىككى تال تاتۇق قالىدۇ،— دەپتۇ.

— ۋاھ! بۇ پەرىشتىنىڭ قانىتىمۇ؟— دەپتۇ كىچىك دوستلار ھەيرانلىق بىلەن.

مۇئەللىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، كۆپچىلىك ئۆزئارا بىر- بىرىڭلارنى تەكشۈرۈپ باقامسىلەر، يەنە ئۇنىڭكىگە ئوخشاش قانىتى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتمىگەنلەر بارمىكەن؟ دەپتۇ.

بارلىق كىچىك دوستلار مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئولاش- چولاش ھالدا قار- شى تەرەپنىڭ دۈمبىسىنى تەكشۈرۈپتۇ. لېكىن خۇيزى- نىڭكىگە ئوخشاش ئېنىق تاتۇقى بارلار چىقماپتۇ.

— مۇئەللىم، مېنىڭ بۇ يېرىمدە كىچىككىنە تاتۇقۇم بار، پەرىشتىنىڭ قانىتىمۇ ئەمەسمۇ؟— دەپتۇ كۆزەينەك تاقىغان بىر كىچىك بالا ھاياجانلانغان ھالدا قولىنى كۆ- تۈرۈپ.

— بۇ يەردە بولمىسا، ماۋۇ يېرىم قىزىرىپ قاپتۇ، مەن پەرىشتىكەنمەن!

كىچىك دوستلار ئۆزلىرىنىڭ دۈمبىسىدە تاتۇقى بارلىقىنى تالىشىپ، خۇيزىنى مەسخىرە قىلىشنى پۈ- تۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. خۇيزىنىڭ ئەسلىدىنلا يىغلاپ قىزىرىپ كېتىدىغان بىر جۈپ كۆزىدە يەنە خۇشاللىق نۇرى پەيدا بوپتۇ.

تۇيۇقسىز، بىر كىچىك قىز بالا ئاستاغىنە:

— مۇئەللىم، مەن كىچىك پەرىشتىنىڭ قانىتىنى سىلاپ باقسام بولامدۇ؟— دەپتۇ.

مۇئەللىم كۈلۈمسىرىگەن هالدا خۇيزىنگە قاراپ كۆ-زىنى قىسىپ قويۇپ:

— بۇنى كىچىك پەرىشتىدىن سوراپ باقاي، قوشۇ-لامدىكىن- يوق؟— دەپتۇ.

خۇيزى هەم باتۇرلۇق، هەم تارتىنىش ئارىلاش:

— بولىدۇ،— دەپتۇ.

كىچىك قىز بالا خۇيزىنىڭ دۇمبىسىدىكى تاتۇقنى ئاستا سىلاپ، خۇشاللىقىدىن:

— ۋاھ، نېمىدېگەن يۇمشاق، مەن پەرىشتىنىڭ قا-نىتىنى سىلىدىم!— دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن بارلىق كىچىك دوستلارنىڭ هەم-مىسى «مەنمۇ سىلاپ باقاي!» دەپ تالىشىپ كېتىپتۇ.

بىر سائەتلىك تەنتەربىيە دەرسىدە ئاجايىپ بىر خىل مەنزىرە هاسىل بولۇپ، سىنىپتىكى نەچچە ئون-لىغان كىچىك دوست ئۇزۇن قاتار بولۇشۇپ، خۇيزىنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ بېقىش ئۈچۈن ئۆچىرەت تۇرۇشۇپتۇ.

**【تەسرات】**

## پەرىشتە ئوقۇغۇچى

«پەرىشتىنىڭ قانىتى» ناملىق بۇ هېكايىدا بىر تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كۆيۈمچانلىقى ۋە ئەقىل-

پاراستىگە تايىنىپ، بىر ئوقۇغۇچىنى ئۆزىنى كەمسى-تىدىغان روھىي ئازابتىن قۇتقۇزۇپ چىققانلىقىدەك تە-سىرلىك ئىشلار بايان قىلىنغان.

مۇئەللىم بولسا ئوقۇغۇچىنىڭ قەلبىدىكى «ئىلاھ» تۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز- ھەرىكىتى ئوقۇغۇچىلارغا بىۋا-سىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ناۋادا ھېكايىدىكى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى «خۇيزى» نىڭ تاتۇقىنى باشقا ساۋاقداش-لارغا بىۋاسىتە ئېيتىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئالدىن كۆز-لىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەمدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ئېنىقلا ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ بۇ ئوقۇتقۇ-چىمىز ئۆزىنىڭ ئەقىل- پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، كۆپ-چىلىككە «پەرىشتىنىڭ قانىتى» دېگەن ھېكايىنى سۆز-لەپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ساپ، ئاجىز بىر قەلب ئىگى-سىنى قوغدايلا قالماستىن، بەلكى «بىر چالمىدا ئۈچ پاختەك سوقۇش» تەك ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ھالبۇكى بارلىقى بىلەن گۈزەللىكنى قوغلىشىدىغان ئوقۇغۇچى «خۇيزى» ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ شۇنىڭدىن تارتىپ، باشقا ساۋاق-داشلىرىنىڭ غەيرىي قاراشلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەملىك بىلەن كېيىنكى كىشىلىك ھاياتىنىڭ بوران- چاپقۇنلىرىغا يۈزلىنىدۇ.

# روژدېستۋو سوۋغىسى

بۇ يىللىق روژدېستۋو بايرىمىدا، پاۋلونىڭ ئاكىسى ئۇنىڭغا بىر يېڭى ماشىنا سوۋغا قىلىدۇ. روژدېستۋو بايرىمىنىڭ ئالدىنقى بىر كۈنى پاۋلو ئىشخانىدىن چىقىۋاتقاندا، كوچىدا بىر كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ زوقمەنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ چاقناپ تۇرغان يېڭى ماشىنىسىنىڭ يېنىدا ئۇياق-بۇياققا مېڭىۋاتقانلىقىنى ھەم تۇرۇپ-تۇرۇپ ماشىنىنى سىلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ.

ئۇ بالىغا قىزىقىش ئارىلاش قارايدۇ. ئۇنىڭ كىيىنىشىدىن بايلار قاتلىمىغا تەۋە ئەمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەپەندىم، بۇ سىزنىڭ ماشىنىڭىزمۇ؟— دەپ سورايدۇ.

— شۇنداق، بۇ ئاكام ماڭا سوۋغا قىلغان روژدېستۋو سوۋغىسى،— دەيدۇ پاۋلو.

بالا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ:

— سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە، بۇنى ئاكىڭىز سىزگە بەرگەن، ئەمما سىز بىر پۇڭمۇ خەجلىمىدىڭىز؟ شۇنداقمۇ،— دەيدۇ.

پاۋلو بېشىنى لىڭشىتىدۇ. كىچىك ئوغۇل بالا يەنە:

— ۋاھ! مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلى-

ـمەن ...... ـــ دەيدۇ.

پاۋلو كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ «ئارزۇ قىلىمەن» دېگىنىنى ئاكىسىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىـ ـكەن دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ، ئەمما كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ ئارزۇ قىلىمەن دېگىنى «ئۆزى چوڭ بولغاندا مۇشۇنداق ياخشى ئاكا بولىدىغانلىقى»نى بىلدۈرىدىكەن.

پاۋلو تەسىرلەنگەن هالدا بۇ ئوغۇل بالىغا قاراپ:

ـــ يېڭى ماشىنامغا چىقىپ سەيلە قىلىپ كېلەيـ ـلىمۇ؟ـــ دەيدۇ.

ئوغۇل بالا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولىدۇ.

بىردەم ئايلانغاندىن كېيىن، كىچىك ئوغۇل بالا پاۋـ لوغا قاراپ:

ـــ ئەپەندىم، ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ماشىنىنى ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا هەيدەپ ئاپىرىشقا بولارمۇ؟ـــ دەيدۇ.

پاۋلو كۈلۈپ قويۇپ، ئۇ چوڭ هەم چىرايلىق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ، دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىۋالىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئەمما پاۋلو خاتالاشقانىدى. بالا :

ـــ سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ئاۋۇ ئىككى پەـ لەمپەيىنىڭ يېنىدا توختاپ، مېنى بىرئاز ساقلاپ تۇرسىـ ـڭىز؟ـــ دەپ، ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشكىنىچە، ئۈچ قەدەم يولنى ئىككى چامداپ دېگۈدەك پەلەمپەيگە يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۆيىگە كىرىپ، هايال بولمايلا ئۆزىگە ئوخشايـ ـدىغان بىر بالىنى ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ بالا كىچىكىدە پالەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، بىر پۇتى ئاقسايتتى. ئوغۇل بالا

ئىنىسنى پەستكى پەلەمپەيگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، يىقىن ئولتۇرۇپ، پاۋلونىڭ ماشىنىسىنى كۆرستىپ تۇرۇپ،— كۆردۈڭمۇ؟ مەن ساڭا دەپ بەرگەن ماشىنغا ئوخشاش چىرايلىقمىكەن؟ بۇ ماشىنىنى ئۇنىڭ ئاكىسى روژدېستۋو سوۋغىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، ئۇ بىر موچەنمۇ خەجلىمەپتۇ. كەلگۈسىدە مەنمۇ ساڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چىرايلىق بىر ماشىنا سوۋغا قىلىمەن، مۇشۇنداق بولغاندا مەن ساڭا دائىم دەپ كېلىۋاتقان ئاشۇنداق ياخشى روژدېستۋو سوۋغىسىنى دېرىزىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كۆرەلەيسەن،— دەيدۇ.

پاۋلونىڭ كۆزلىرى نەملىشىپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ، بالىنىڭ ئىنىسىنى ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىغا ئولتۇرغۇزىدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتا تولۇپ نۇرلىنىپ، ماشىنىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچەيلەن بىر قېتىم ئۇنتۇلغۇسىز دەم ئېلىش كۈنىدىكى ساياھەتنى باشلايدۇ.

بۇ قېتىملىق روژدېستۋو بايرىمىدا پاۋلو شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشىنىدۇ: سوۋغا بەرگۈچى ئۇنى قوبۇل قىلغۇچىدىنمۇ ئارتۇقراق خۇشاللىق تاپىدۇ.

【تەسرات】

## تەقدىم ئېتىشنى بىلگەنلەرلا كىشىلىك ھاياتنى چۈشىنەلەيدۇ

كىچىككىنە بىر سوۋغا پاۋلوغا، شۇنداقلا بىزگە

شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈردىكى، سوۋغا بەرگۈچى ئۇنى قوبۇل قىلغۇچىدىنمۇ ئارتۇقراق خۇشاللىق تاپىدۇ.

بىز تەقدىم ئېتىشكە دائىر يەنە بىر ھېكايىنى ئوقۇپ ئۆتەيلى:

بىر ئەر بىر دۆۋە ئالتۇننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى سوزۇپ، ھەربىر يولۇچىدىن نەرسە تىلەيدىكەن.

لۇ توڭبىڭ كېلىپ قاپتۇ، ئەر ئۇنىڭغا قاراپ ئىككى قولىنى سوزۇپتۇ. لۇ توڭبىڭ:

— بالام، سەندە شۇنچە كۆپ ئالتۇن باركەن، يەنە نېمىشقا تىلەمچىلىك قىلىسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— ھەي، مەندە شۇنچە كۆپ ئالتۇن بولغىنى بىلەن، بۇ مېنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، مەن تېخىمۇ كۆپرەك ئالتۇنۇم بولۇشىنى تىلەيمەن، مەن يەنە مۇھەببەت، شان- شارەپ، ئۇتۇقنى تىلەيمەن،— دەپتۇ ئەر.

لۇ توڭبىڭ يانچۇقىدىن ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان مۇھەببەت، شان- شارەپ ۋە ئۇتۇقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سوۋغا قىپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن لۇ توڭبىڭ يەنە بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېلىقى ئەرنىڭ يەنىلا بىر دۆۋە ئالتۇننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، يولدىن ئۆتكۈچىلەرگە قاراپ ئىككى قولىنى سوزغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

لۇ توڭبىڭ:

— بالام، سەن تەلەپ قىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسى تەل بولغان تۇرسا، يەنە نېمىشقا قانائەتلەنمەيسەن؟—

دەپ سوراپتۇ.

— ھەي، مەندە مۇنچە كۆپ نەرسە بولغان بىلەن، بۇلار مىنى يەنىلا قانائەتلەندۈرەلمەيۋاتىدۇ، مەن يەنە تېخىمۇ كۆپ ئىلھامغا ئېھتىياجلىقمەن، — دەپتۇ ئەر.

لۇ توگىبىك ئۇ تەلەپ قىلغان ئىلھاملاندۇرۇشىنىمۇ بېرىپتۇ.

بىر ئايدىن كېيىن لۇ توگىبىك يەنە بۇ يەردىن ئۆتۈپ قېلىپ ھېلىقى ئەرنىڭ ئاشۇ بىر دۆۋە ئالتۇننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ يولدىن ئۆتكۈ-چىلەرگە قاراپ ئىككى قولىنى سوزۇپ، مۇھاببەت، شان- شەرەپ، ئۈتۈق، خۇشاللىق ۋە ئىلھامنىڭ ھەممىسىنى تىلەيدىكەن. لۇ توگىبىك:

— بالام، سەندە ئۆيلىغان نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسى تەل بولغان تۇرسا، يەنە نېمىنى تىلەيسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— ھەي، گەرچە مەندە باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نەرسە بولغان بىلەن، مەن يەنىلا قانائەتلىنەلمەي-ۋاتىمەن، سىزنىڭ قانائەتنىمۇ ماڭا بېرىشىڭىزنى تىلەي-مەن، — دەپتۇ ئەر.

لۇ توگىبىك كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بالام، سەن قانائەتكە ئېھتىياجلىق بولساڭ، ھازىردىن باشلاپ بېرىشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك،— دەپتۇ.

بىر باللار مائارىپ مۇتەخەسسىسى: «پەقەت ئېلىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمەسلىك؛ مۇھەببەتنى بىلىپ، باش-قىلارنى سۆيۈشنى بىلمەسلىك — نۆۋەتتىكى يالغۇز پەر-

زەنتلىك باللارنىڭ ئورتاق كېسىلى» دەپ ئېيتقان. بېرىشنى بىلىش — ئىنسانلارنىڭ شانلىق ئىنسانىي خىسلىتىنىڭ نامايەندىسىدۇر، شۇنداقلا جاھاندارچىلىقتىكى ئەقىل- پاراسەت ۋە خۇشاللىق يولىدۇر.

ئادەم بۇ دۇنيادا ياشايدىكەن، باشقىلارغا ياردەم بېرىپ تۇرۇشى كېرەك، چۈنكى شۇ ئادەممۇ ھاياتتا نەپكە ئېرىشىدۇ. تەقدىم قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش، شۇ كىشىگە ئادەم بولۇشنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، تەلەپ قىلىپ ئېرىشكىلى بولمايدىغان خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدۇ.



# ئۆزگەرگەن ھايات

1921 ـ يىلى لىۋىس لاۋىس يۇلتۇز تۇرمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، بۇ تۇرمە شۇ چاغدىكى باشقۇرۇش ئەڭ تەس بولغان تۇرمە ئىدى. لېكىن، 20 يىلدىن كېيىن لىۋىس پېنسىيىگە چىققان ۋاقتىدا، بۇ تۇرمە ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەكىتلەيدىغان ئاپپاراتقا ئايلىنىدۇ. تەتقىقات دوكلاتىدىكى تۆھپە لىۋىسقا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۇلتۇز تۇرمىسىنى ئۆزگەرتىشتىكى سەۋەبنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ: «بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىم كاسسىلىنىغا مەنسۇپ، ئۇ تۇرمىنىڭ سىرتىغا دەپنە قىلىنغان» دەيدۇ.

كاسسىلىن ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ، لىۋىس تۇرمە باشلىقى بولغان ۋاقتىدا، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەرگىز تۇرمىگە قەدەم باسماسلىقنى ئەسكەرتىدۇ، ئەمما بۇ گەپلەر كاسسىلىننى توسۇپ قالالمايدۇ. بىرىنچى قېتىم تۇرمىدە ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدا، ئۇ ئوماققىنە ئۈچ بالىسىنى ئېلىپ تەنتەربىيە سارىيىغا كىرىپ، جازا مۇددىتى ئۆتەۋاتقان مەھبۇسلار بىلەن بىر يەردە ئولتۇرىدۇ.

ئۇ « ئۇلارغا ئېرىمگە ئوخشاش ياخشى مۇئامىلە قىلسام، ئۇلارمۇ بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، مېنىڭ ئەنسىرەپ كېتىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ ئويلاپ،

مەھبۇسلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

قاتىللىق جىنايىتى بېكىتىلگەن بىر مەھبۇسنىڭ ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ، كاسسېلىن بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى يوقلايدۇ.

كاسسېلىن ئۇ مەھبۇسنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سىز ئەمالار يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشنى ئۆگەنگەنمۇ؟— دەپ سورايدۇ. ئەما مەھبۇس:

— ئەمالار يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئوقۇش دېگەن نېمە؟— دەپ سورايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن كاسسېلىن ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويىدۇ. ئۇزاق يىللاردىن كېيىن بۇ ئادەم ھەر قېتىم كاسسېلىننى ئويلىغاندا يىغلاپ كېتىدۇ.

كاسسېلىن تۈرمىدە بىر گاس - گاچىنى ئۇچرىتىدۇ ھەمدە ئۇ ئۆزى مەكتەپكە بېرىپ قول ئىشارىتى (گاس-گاچىلار تىلى) نى ئۆگىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئەيسا خىرىستوسنىڭ سايىسى دېيىشىدۇ. 1921 - يىلدىن 1937 - يىلىغىچە ئۇ دائىم يۈلتۈز تۈرمىسىدىكىلەرنى يوقلاپ تۇرىدۇ.

كېيىن ئۇ بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى لېۋىس ئىشقا كەلمەيدۇ، مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى ۋاقتىنچە ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ. بۇ خەۋەر تېزلا تۈرمىگە تارقاپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى كاسسېلىننىڭ جەسىتىنى ئۆيىگە يۆتكەيدۇ، كاسسېلىننىڭ ئۆيى بىلەن تۈرمىنىڭ ئارىلىقى

بىر چاقىرىممۇ كەلمەيتتى. مۇۋەققەت تۇرمە باشلىقى ئەتىگەندىلا سەيلە قىلىۋېتىپ، بىر توپ ياۋۇز، تاش يۈرەك مەھبۇسلارنىڭ تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا توپ-لىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇ يېقىنراق بېرىپ، بەزىلەرنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ بۇ كىشىلەرنىڭ كاسسىيلىننى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاراپ:

— بولدى، ھەممىڭلار بېرىڭلار، كەچقۇرۇن قايتىپ كېلىپ، ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلساڭلارلا بولدى،— دەيدۇ ۋە تۈرمە دەرۋازىسىنى ئېچىپ، جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرى-دۇ. جىنايەتچىلەر مۇھاپىزەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر چاقىرىم يولنى مېڭىپ، كاسسىيلىننى بىر كۆرۈۋېلىپلا كەچقۇرۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ.

بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى.

【تەسىرات】

## مۇھەببەت ھاياتلىقنى مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ

كاسسىيلىننىڭ مۇھەببىتى ھەربىر مەھبۇسقا تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ مۇھەببىتى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مۇ-ھەببىتىنى قولغا كەلتۈرگەن. چۈنكى، مۇھەببەت ئارقىلىق ئىنسانىي خىسلىتىڭىزنى ئۆستۈرەلەيسىز ھەم يۈكسەك نەزىرىڭىز بىلەن بۇ دۇنياغا نەزەر تاشلىيالايسىز.

پەرزەنتىڭىز، ئاشىقىڭىز، مۇشۇكىڭىز ياكى ئىتىڭىز، گۈللۈكىڭىز ۋەياكى ھەرقانداق ياخشى كۆرىدىغان نەرسىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا تۇرغاندا شۇنداق سۆيۈملۈك، شۇنداق قىممەتلىك. گەرچە ئۇنىڭدا كىچىككىنە كەمچىلىك بولغان تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە كەمكۈتىسىز، مۇكەممەل كۆرۈنىدۇ. چۈنكى، ياخشى كۆرىدىغان، قوغلىشىدىغان نەرسىڭىز ئالاھىدە نۇر چېچىپ تۇرىدۇ، يولدىشىڭىزنى تۇنجى ئۇچراتقان ئاشۇ بىر كۈن؛ توي خاتىرە كۈنىڭىز؛ باغچىدا سىلەر يۆلىنىپ ئولتۇرۇشۇپ پاراڭلاشقان ئاشۇ ئورۇندۇق؛ بالىڭىزنى تەۋرىتىدىغان بۆشۈك؛ مومىڭىز ئۆز قولى بىلەن سىزگە توقۇپ بەرگەن پوپايكا؛ كىچىك قىزىڭىز تۇنجى قېتىم يېزىپ چىققان «مەن سىزنى سۆيىمەن، ئاپا» دېگەن كارتوچكا...... بۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭداشسىز خاتىرە بۇيۇمى بولۇپ، ھاياتىڭىزدىكى بارلىق ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىڭىزنىڭ ئەسلىمىسىدۇر.

ئەمما، ئەڭ مۇھىمى مۇھەببەتنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى تۇيغۇ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. مۇھەببىتىڭىز ئويغانغان ۋاقىتتا سىز بىلەن ئەتراپىڭىزدىكى توختاۋسىز ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى توسۇقلار يوقىلىدۇ، باقىي دۇنيادىكى كىشىلەر ئارا پەرق مەۋجۇت بولمايدۇ، سىز ئۆزىڭىزنى تولۇق چۈشىنىسىز. بۇنىڭدىن مۇنداق بىر تەجرىبىگە ئىگە بولىمىز: سىز كائىناتتا يەككە- يېگانە ئەمەس، ھاياتىڭىز ۋە سىز سۆيگەن ھايات ئوتتۇرىسىدا شۇنىڭدىن تارتىپ

ئالمىشىش بولىدۇ. سىز پۇتۇن نىيىتىڭىز بىلەن ئۇلارغا
كۆڭۈل بۆلسىڭىز، ئۇلارمۇ پۇتۇن نىيىتى بىلەن سىزگە
كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇنداقلا روھىڭلارمۇ ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ.

سىز ئېھتىمال مۇنداق بىر تۇيغۇغا كەلگەن ۋاقتى-
ڭىزدا، مۇشۇ دەقىقىڭىزنىڭ ئۆزى سىزنى تېخىمۇ ھېس-
سىياتلاندۇرۇشى مۇمكىن. مۇھەببەت بىر ئادەمنىڭ ئۆم-
رىدە چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدىغان، كۆڭۈل قويۇپ
بەرپا قىلىدىغان ئەڭ ئاكتىپ ئامىلدۇر.



# پۇرسەتنى باشقىلارغا قالدۇرۇش

بۇ بىر ئىنتايىن تەسىرلىك ھېكايە. بىر يولوچىلار پاراخوتىغا ئېغىر كېسەلدىن بىرى چىقىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە بۇ پاراخوت بىلەن قارشى قىرغاقتىكى شەھەرگە بېرىپ كې-سەلنى داۋالاتماقچىكەن.

پاراخوت يولدا قاتتىق بوران- چاپقۇنغا ئۇچراپ، بىر-قانچە قېتىم چايقىلىپ، يوشۇرۇن خادا تاشقا سوقۇلۇپ، ناھايىتى چوڭ بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قاپتۇ، سۇ بۇ تۆشۈك-تىن پاراخوت بۆلۈمچىسىگە توختىماستىن ئېقىپ كىرىپتۇ. يولۇچىلار پاراخوتنىڭ چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ. ماتروسلار ئۇلارغا قۇتقۇزۇش چەمبىرىكى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى تېزدىن ئۆز ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇپتۇ.

بىر ماتروس بۇ ئېغىر كېسەلدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ ھەمدە:

— تېزدىن ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزۇڭ، بولمىسا پاراخوت تېزلا چۆكۈپ كېتىپ، خەتەردىن قېچىپمۇ قۇتۇلال-مايسىز، — دەپتۇ.

كېسەل چەمبىرەكنى دەرھال كىيمەپتۇ. ئۇ بىر ئايالنىڭ بىر كىچىك بالىنى قۇچاقلىغان ھالدا قورقۇپ كەتكەن ھەم ئامالسىز ھالدا پاراخوت پالوبىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كېسەل قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىنى بۇ ئايالغا بېرىپ:

— تېز تاقىۋېلىڭ، بالىڭىز بىلەن ئىككىڭلار هاياتىڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار!— دەپتۇ. ئۇ ئايال بۇ ياخشىلىققا مىڭ رەخمەت ئېيتىپ، بالىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىنى كىيىپ سۇغا سەكرەپ ئۆز هاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا هېلىقى ماتروس كېسەل يولۇچىنىڭ يەنە ماڭمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىزنىڭ قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىڭىز قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. كېسەل يولوچى سالماقلىق بىلەن:

— مەن ئۆلۈشكە ئازلا قالغان كېسەلمەن كىشى، مەيلى بالدۇر ئۆلەي ياكى كېيىن ئۆلەي بەرىبىر ئۆلىدىغان ئىش. باشقىلارنىڭ هايات قېلىشى ماڭا ئوخشمايدۇ!— دەپتۇ.

هېلىقى ماتروس هەممە يەرنى ئىزدەپ يۈرۈپ، يەنە بىر قۇتقۇزۇش چەمبىرىكى تېپىپ، كېسەل كىشىگە بېرىپ:

— ئۆزىڭىزنى تېز قۇتقۇزۇڭ!— دەپتۇ. كېسەل يولۇچى قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىنى ئېلىپ، يەنىلا ئۇنى كىيمەي، باشقا بىر ئادەمگە بېرىۋېتىپتۇ.

ماتروس پۈتۈن پاراخوتتىكى يولوچىلارغا قۇتقۇزۇش چەمبىرىكى تارقىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ئەڭ ئاخىرقى قۇتقۇزۇش چەمبىرىكىنى ئېلىپ سۇغا سەكرەپتۇيۇ، ئۇ هېلىقى كېسەل يولۇچىنىڭ يەنىلا پاراخوتتا تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ.

پارخوت تېز سۈرئەتتە چۆكۈۋاتقاندا، پەقەت هېلىقى كېسەل يولۇچىنىڭ ئىنتايىن سالماقلىق بىلەن سۇغا

چۈكۈپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپتۇ ......

【تەسىرات】

## ئالىيجانابلار پەرىشتە سۈپەت بولسا، ئاق كۆڭۈللەر ئەۋلىيا سۈپەت بولىدۇ

خەتەرلىك ئەھۋالدا كېسەل يولۇچى خەتەردىن قورقماي، باشقىلارنىڭ ئامانلىقىنى ئويلىغان. بۇنىڭدىن كېسەل يولۇچىنىڭ مەردلىكى ۋە ئۆزىنى تەقدىم قىلىش روھىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گەرچە بۇ ئىش شۇنداق ئېچىنىشلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەلب دۇنياسى يەنىلا شۇنداق خاتىرجەم بولغان. بۇنى جۇڭگونىڭ مۇنداق بىر جۈملە تەمسىلى بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ: «ئالىيجانابلار پەرىشتە سۈپەت بولسا، ئاق كۆڭۈللەر ئەۋلىيا سۈپەت بولىدۇ».

تۆۋەندە يەنە بىر تەسىرلىك ھېكايىغا قاراپ باقايلى:

بىر ئادەم بولۇپ، ئىنتايىن ياۋۇز كۆرۈنىدىكەن. قىسقا قويۇۋالغان چاچلىرى ماڭغاندا سىلكىنىپ تۇ-رىدىكەن. كېيىن مېمفىستە سېرىق قىزىتما ئاپىتى يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇ ئالاقىدار تارماقلارغا ئۆزىگە سېسترا-لىق ۋەزىپىسىنى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ، ئەمما دوختۇر ماقۇل بولماپتۇ.

بۇ ئادەم ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ:

— ئالدى بىلەن بىر ھەپتە ئىشلىتىپ بېقىڭ! ئەگەر

مەندىن رازى بولسىڭىز، ئاندىن ماڭا جاۋاب بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، رازى بولمىسىڭىز، مەن ئىستىپا بېرەي، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، گەرچە مەن سىزنى مۇۋاپىق ئەمەسكەنسىز دەپ قارىسامۇ، ئەمما سىزنى سىناپ ئىشلىتىپ باقاي، — دەپتۇ دوختۇر ۋە ئىچىدە: «مەن ھەر ۋاقىت سىېنى كۆزىتىپ تۇرىمەن» دەپتۇ.

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، ھېچقانداق ئادەم نارازەت قىلمىسىمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا يارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپتۇ.

بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئۇ ئادەم بۇ باتۇرلار گۇرۇپپىسىدىكى ئەڭ ياخشى سېسترا بولۇپ قاپتۇ. ۋابا يامرىغان يەرلەردە ئۇ ھەممىشە تىرىشىپ خىزمەت قىلغاچقا، كېسەللەر ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن. تەقدىر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن كېسەللەرگە ئۇ ئاشۇ سەت چىرايى بىلەن پەرىشتىلەردەك مۇئامىلە قىلىدىكەن.

ئىش ھەققى تارقىتىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىپادىسى غەيرىي بولۇپ، ئىش ھەققىنى ئالغاندىن كېيىن كەينى تەرەپتىكى كوچىدىن ئۆتۈپ، بىر پىنھان جايغا بېرىپ، پۇلنى ئاشۇ يەردىكى سېرىق قىزىتمىغا گىرىپتار بولۇپ قالغۇچىلار ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان قۇتقۇزۇش ساندۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئەپسۇسنارلىقى شۇكى، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بۇ قېتىملىق سېرىق قىزىتما بىلەن يوقۇملىنىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ بەدىنىگە بىر بوز رەڭلىك مۆھۈر بېسىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ جىنايىتى بېكىتىلگەن ئېغىر

گوناھكار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى بىر نامسىزلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىپتۇ.

يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي پەزىلىتىگە چېتىلىدىغان ھېكايىلار پاك ئىنسانىي خىسلەتنى نامايان قىلىدۇ. مۇشۇنداق كىشىلەر قىممەتلىك بولغان تەقدىم قىلىش روھىنى باشتىن- ئاخىر ساقلىغاچقا، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولماقتا. بۇ خىل پەزىلەت بىر ئادەمنى باشقا ئادەملەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ ھەمدە بىز تەبىئىيلا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئەستە تۇتالايمىز.

روھ ھەممىدىن ئۈستۈن قارىلىدىغان ھايات مۇساپىسىدە، ئۆزىڭىزنى تەقدىم قىلىش پەزىلىتىڭىزنى ھېچنېمە بېسىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر توغرا ئېتىقادتا چىڭ تۇرالىسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ خىل ئېتىقاد تەبىئىيلا ئۆزىڭىزنى تەقدىم قىلىش پەزىلىتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزنى، باشقىلارنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرالايدۇ، پەزىلىتىڭىز تېخىمۇ مۇقىملىشىپ، مەنپەئەتنى كۆپەيتىدۇ، ئۇتۇق قازىنىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق بىباھادۇر، ئۇ بىر خىل ئۇلۇغ پەزىلەت بولۇپ، بارلىق نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

# بارغانلىكى جايى يېشىللىققا پۈركىنىش

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئوغلى توي قىلىش يېشىغا يەتكەندە، ئۆزىگە لايىق تاللىماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ئۆز دۆلىتىدە بىر موماينىڭ چىرايلىق بىر قىزى بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچى بولۇپ، ئۇ نەگە بارسا شۇ جاي يېشىللىققا پۈركىنىدىكەن، يېشىللىقتا يەنە چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىدىكەن، ئۇ كۈلگەندە بىر تال ئېچىلغان ئەتىرگۈلگە ئوخشاش، گۈل بەرگىلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر پارچىدىن- بىر پارچىدىن ئۇچۇپ چىقى- دىكەن، ئۇ يىغلىغان ۋاقىتتا تىزىق-تىزىق مەرۋايىتلار كۆزلىرىدىن تاراملاپ تۆكۈلىدىكەن.

شاھزادە ئېتىنى مىنىپ، ئۇ موماينىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. موماينىڭ قىزىنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپتۇ. شاھزادە قىز بىلەن پاراڭلىشىپ، قىزنى كۈلدۈرگەنىكەن، راستىنلا بىر تال ئەتىرگۈلگە ئوخشاش گۈل بەرگىلىرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن تۆكۈلۈپتۇ؛ قىزنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەنىكەن، قىز يىغلاپتۇ، بۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تىزىق-تىزىق مەرۋايىتلار تاراملاپ تۆكۈلۈپتۇ. مەيلى قىز قەيەرگە بارسۇن، ئەتراپىدىكى

جاي شۇ هامان يېشىللىققا پۈركىنىپتۇ.

شاھزادە ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئاتىسىغا:

— قەدىرلىك ئاتا، مەن ئۇ قىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ قالدىم، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى،— دەپتۇ. پادىشاھمۇ:

— پەقەت سەنلا ياخشى كۆرسەڭ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلساڭ بولىدۇ،— دەپتۇ.

شاھزادىنىڭ توي ئىشى مۇشۇنداق بېكىتىلىپ، پادىشاھ ئەلچىلەرنى موماينىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ، قىزنىڭ ئوردىغا كېلىشىنى بۇيرۇپتۇ. موماي دەرھال قىزغا ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ ھەم ئەڭ چىرايلىق بىر دېدەك بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار يولدا توختاپ ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا، دېدەك:

— خېنىم، توي كىيىمىڭىزنى بىر سىناپ باقسام، ماڭا مۇۋاپىق كېلەمدۇ - يوق، بەك بىلىپ باققۇم بار،— دەپتۇ.

قىز قىلچە ئىككىلەنمەستىن توي كىيىملىرىنى سېلىپ دېدەككە بېرىپتۇ. ئەمما، دېدەك قىزنىڭ قىممەتلىك توي كىيىملىرىنى كىيگەندىن كېيىن، قىزنى بىر چوڭقۇر ئۆڭكۈرگە ئىتتىرىۋېتىپ، قىزنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

پادىشاھ دېدەكنى بولغۇسى كېلىنى قىلىپ، ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ ھەمدە ئۇنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىدىغانغا ۋەدە بېرىپتۇ. توي مۇراسىمىدىن كېيىن، شاھزادە ئايالىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ بېغىنى تاماشا قىپتۇ. بۇ چاغ

قىش بولۇپ، يېشىللىق تۈگەپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى تۆ-
كۈلۈپ بولغانىكەن. شاھزادە ئايالىنى ئېلىپ مەيلى باغنىڭ
قەيېرىگە بارسۇن، مەيلى قانچىلىك ئايلىنىشتىن قەتئىي-
نەزەر، ھېچقانداق يەر يېشىللىققا پۈركەنمەپتۇ. شاھزادە
ئايالىنى كۈلدۈرگەنىكەن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر پارچىمۇ
ئەتىرگۈل بەرگى چىقماپتۇ، شاھزادە يەنە ئايالىنىڭ كۆڭ-
لىنى ئاغرىتىپ يىغلاتقانىكەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر
تىزىقمۇ مەرۋايىت تۆكۈلمەپتۇ. شاھزادە ئىنتايىن ئازابلى-
نىپ، ئۈمىدسىزلىنىپتۇ.
دېدەك قىزنى ئىتتىرىۋەتكەن ئۆڭكۈر ۋە ئۆڭكۈرنىڭ
ئەتراپى شۇ ھامان يېشىللىققا پۈركىنىپتۇ. پادىشاھنىڭ بىر
غاز باقىدىغان قىز مالىيى بولۇپ، ئۇ قىز غازلارنى ھەر كۈنى
ئاشۇ يەرگە ھەيدەپ ئاپىرىپ ئوتلىتىدىكەن. پادىشاھ
سېمىز غازلارنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا غاز باقىدىغان
قىز مالايدىن:
— قىزچاق، سەن ھەر كۈنى غازلارنى قەيەرگە
ئاپىرىپ ئوتلىتىسەن، ئۇلار نېمىشقا مۇنداق سېمىز؟ — دەپ
سوراپتۇ.
— مەن ھەر كۈنى غازلارنى بولۇق ئۆسكەن يېشىل
ئوتلاققا ئاپىرىپ ئوتلىتىمەن، — دەپتۇ قىز.
پادىشاھ خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ئىچىدە:
«ھازىر قىش كۈنى تۇرسا، نەدىمۇ يېشىل ئوتلاق بولسۇن»
دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ غاز باقىدىغان قىزغا:
— راست گەپ قىل، سەن ھەر كۈنى زادى قەيەرگە

بىرىپ غاز باقسەن؟ هازىر قىش تۇرسا، قانداقمۇ يېشىل ئوتلاق بولسۇن، — دەپتۇ.

غاز باقىدىغان قىز پادىشاھقا:

— موماي قىزى بىلەن دېدەكنى ئوردىغا ئەۋەتكەنىدى. دېدەك يول ئۈستىدە خېنىمنى ئالداپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغاندىن كېيىن، بىچارە قىزنى ئۆڭكۈرگە ئىتتىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈر ئەتراپى شۇ هامان مۇنبەت يېشىل ئوتلاققا ئايلاندى، مەن هەر كۈنى شۇ يەرگە بىرىپ غازلارنى ئوتلىتىمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ غاز باققۇچى قىزغا:

— ئەگەر سەن مەن تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇندىيالىساڭ، سىنى كاتتا مۇكاپاتلايمەن. ئەتە مەن خانىش، شاهزادە ۋە كېلىنىمنى يېقىندىكى بىر شەهەرگە بىرىپ توي مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىمەن. ئۇلار ئۇ يەرگە بىرىپ بىرقانچە كۈن تۇرىدۇ. ئۇلار مېڭىشىغىلا سەن ئاشۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا بىرىپ، ئامال قىلىپ هېلىقى قىزنى تارتىپ چىقىرىپ، مېنىڭ قېشىمغا باشلاپ كەلگىن، — دەپتۇ.

ئەتىسى خانىش ئوغلى ۋە كېلىنىنى ئېلىپ، بىر چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسىگە قاتناشقىلى مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىشىغىلا غاز باققۇچى قىز ئۆڭكۈرنىڭ يېنىغا بىرىپ، بار ئامالىلارنى قىلىپ بىچارە قىزنى تارتىپ چىقىرىپ، ئوردىغا باشلاپ كەپتۇ. قىز ئەينەك ۋە ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن، كۈن نۇرىدا هەممىلا يەر نۇر چېچىۋاتقان رەڭگارەڭ، هەشەمەتلىك

ئوردىغا كىرىپ داڭقېتىپ قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ ئىشىكنىڭ كەينىدە تۇرغان بولۇپ، قىزنى كۆرۈپ ئەدەپ بىلەن ئەھۋال سوراپتۇ ھەمدە قىزنى ئېلىپ سىرتلارنى ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئەمدىلا نەچچە قەدەم مېڭىشىغىلا ئەتراپ يېشىللىققا پۈركىنىپتۇ. پادىشاھ قىزنى كۈلدۈرگەنىكەن، قىزنىڭ ئاغزىدىن ئەتىرگۈل بەرگىلىرى تۆكۈلۈپتۇ. پادىشاھ قىزنى رەنجىتكەنىكەن، قىز يىغلاپ، كۆزلىرىدىن تىزىق-تىزىق مەرۋايىتلار تۆكۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇ قىزنىڭ ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان ھەقىقىي قىز ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ.

پادىشاھ دەرھال خانىش ۋە ئوغلى كەتكەن شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئوغلىنىڭ ئايالىنى، يەنى ھېلىقى دېدەكنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دېدەكنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. ئوغلى بىلەن خىسلەتلىك بۇ قىزغا يېڭىباشتىن داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پادىشاھ ئوردىسى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرىپ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ياپيېشىل ئوتلاق ۋە گۈللەرگە پۈركىنىپتۇ.

【تەسرات】

## مېھرىبان بولۇش كېرەك

كونىلاردا باشقىلارغا ياخشىلىق قىلسىڭىز، ياخشىلىقىڭىز ئۆزىڭىزگە يانىدۇ، دەيدىغان گەپ بار. يەنى

ياخشىلىقىا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق دەيدۇ. دېدەكنىڭ قەبىھلىكى ئاخىر ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ. بۇ ھېكايە بىزگە مېھرىبان بولۇش كېرەك دېگەن قائىدىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مېھرىبان بولغاندا، ئۆزىڭىزنى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ساپ ۋە ئەڭ ھەقىقىي شەيئىلەرگە بېغىشلىيالايسىز، شۇنداقلا بارلىق شەيئىلەرگە بولغان كۈچلۈك ھېسسىياتىڭىز ئارقىلىق ھاياتىڭىزغا ئىللىقلىق ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلەيسىز. مۇكەممەللىكنى ئۆزىڭىزنىڭ نىشانى قىلىپ، ئۆزىڭىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تولۇقلىيالايسىز، ئەمما ئېرىشكىلى، قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى مەڭگۈ قوغلاشماسلىقىڭىز كېرەك. كرىسلى ئەپەندى ئەنگلىيەلىك داڭلىق سىياسىيشۇناس گېلەيسدۇنغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەش ئارقىلىق، گېلەيسدۇننىڭ مېھرىبانلىقى ۋە مەردلىكىنى ئىپادىلىگەن.

كرىسلى ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ ھېكايىنى سايىت مارتىن دېگەن پوپتىن ئاڭلىۋالغانىكەن. پوپ چېركاۋغا قاراشلىق رايونلارغا بېرىپ، بىر يول تازىلايدىغان تازىلىق ئىشچىسىنى يوقلاپ بېرىپتۇ، شۇ چاغدا بۇ تازىلىق ئىشچىسىنىڭ يۆرەك كېسىلى بار ئىكەن. پوپ تازىلىق ئىشچىسىدىن ئۆزىچىلا:

— باشقىلارمۇ سىزنى كۆرگىلى كەلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، گېلەيسدۇن ئەپەندى كەلدى.

— ئۇ قانداقسىگە سىزنى يوقلاپ كەلدى؟

گېلەيسدۇن ئەپەندى شۇ ۋاقىتتا ئەنگلىيەنىڭ مالىيە ۋەزىرى بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ رايوندا بولسىمۇ، ئەمما باستىر ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىر يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان تازىلىق ئىشچىسىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى يەنىلا چۈشىنەلمەپتۇ.

— گېلەيسدۇن ئەپەندى ھەمىشە مەن تازىلىغان ئاشۇ يولدىن ئۆتكەندە، مەن بىلەن سالاملىشاتتى، مەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئورنۇمغا چىققان ھەمراھىمدىن مېنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلىپ، ئادرېسىمنى سوراپتۇ. كېيىن گېلەيسدۇن ئەپەندى مېنى كۆرگىلى كەپتۇ، ئىش مانا مۇشۇنداق.

— ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلدى؟

— ئۇ ماڭا ئىنجىلدىكى گەپلەرنى دەپ بەردى ھەمدە مەن ئۈچۈن تىلاۋەت قىلدى.

گېلەيسدۇننىڭ مېھرىبان كۆڭلى نېمىدېگەن ئۇلۇغ-ھە! باشقىلارغا ئەڭ يۈكسەك سەممىيىتى بىلەن باشتىن-ئاخىر بۇنداق قىلىش، ئەڭ ئالىي پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ھېكايىدىكى دېدەكنىڭ قىلمىشى ئىنتايىن پەسكەش قىلمىشتۇر. بىز بۇ ھېكايىدىن شۇنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز كېرەككى، رەزىل ئىش-ھەرىكەتلەرگە يولىماي، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاق كۆڭۈللۈكىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

# ھاياتلىق ماختاشقا موھتاج

ئەيدى سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئۆگىنىشكە ئەڭ قىزىقمايدىغان، مەينەت، يىرتىق كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغان، قالايمىقان چاچلىرىنىمۇ ئەزەلدىن تاراپ قويمايدىغان، چىرايى ھېچقانداق ئىپادىسىز، بىر جۈپ كۆزى نۇرسىز، بىرنەرسىگە دىققەت بىلەن قارىمايدىغان، دەرس ۋاقتىدا ھەممىشە دىققىتىنى يىغالمايدىغان، ھەر قېتىم تومپسون مۇئەللىم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇ ھەممىشە «ھەئە» ياكى «ياق» دېگەن ئاددىيلا سۆز بىلەن سوغۇققىنە جاۋاب بېرىدىغان، مىجەزى غەلىتە، دەرستە ئارقىدا سۆرىلىپ يۈرىدىغان، ھېچكىمنىڭ خۇشى يوق بالا ئىدى.

مۇئەللىملەر ھەممە ئوقۇغۇچىغا ئوخشاش كۆيۈنەتتى. ئەمما، تومپسون مۇئەللىم ئەيدىنى ئادەمنىڭ خۇشىنى كەتكۈزىۋېتىدىغان بالا دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭغا ئانچە كۆيۈنۈپ كەتمەيتتى.

روژدېستۋو بايرىمىدا تومپسون مۇئەللىم ئەيدىنىڭ سوۋغىسىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ، ئۇ قوڭۇر قەغەزگە ئورالغان شوتلاندىيە گۈلى بېسىلغان لېنتا بىلەن چىگىلگەن قاپ ئىدى. قەغەز ئۈستىگە: «تومپسون مۇئەللىمگە تېگىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

تومپسون مۇئەللىم ئەيدىننىڭ سوۋغىسىنى ئاچقاندا، ئىچىدىن ئىككى نەرسە چىقىپتۇ، بۇنىڭ بىرى بىر جۈپ ئادەتتىكى پەلەي، يەنە بىرى بىر بوتۇلكا ئەرزان باھالىق ئەتىر ئىدى.

باشقا ساۋاقداشلار بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئەيدى توغرىسىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئۇنى مەسخىرە قىپتۇ. لېكىن، تومپسون مۇئەللىم دەرھال ئەيدى سوۋغا قىلغان پەلەينى كىيىپ، ئەتىرنى قولىنىڭ بېغىشىغا چېچىپ، ئاندىن قولىنى چىقىرىپ ئوقۇغۇچىلارنى پۇراپ بېقىڭلار دەپتۇ ھەمدە «قانداقراق؟ بۇ ئەتىرنىڭ پۇرىقى ياخشىمىكەن؟» دەپ سوراپتۇ. بۇنىڭ بىلەن باياتىنقى مەسخىرىلىك كۈلكە ئاۋازلىرى تۈگەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا تومپسون مۇئەللىم ئەيدىننىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

شۇ كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كېتىپ، پەقەت ئەيدىلا قاپتۇ. ئۇ ئاستا تومپسون مۇئەللىم دەرس سۆزلەيدىغان ئۈستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ، بوش ئاۋازدا:

— تومپسون مۇئەللىم، ئاپامنىڭ پەلىيى سىزنىڭ قولىڭىزدا بەكمۇ چىرايلىق بوپ كېتىپتۇ، مەن سىزنىڭ مەن سوۋغا قىلغان بۇيۇمنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭىزدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم، — دەپتۇ.

ئەيدىننىڭ بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىۋاتقان قارىسىغا قاراپ تۇرغان تومپسون مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى نەملىشىپ، قىلغىنىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە

كەلگەندە تومپسون مۇئەللىمنىڭ يېگىنچە بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپتۇ. تومپسون مۇئەللىم بالىلارنىڭ يول باشلىغۇچىسى ھەم مۇھەببەت ئاتا قىلغۇچى پەرىشتىگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، ئۇ بارلىق بالىلارغا ئوخشاشلا يار-دەم بېرىدىغان بولۇپتۇ، بولۇپمۇ دەرستە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ھەمدە ئەيدىگە بەكرەك ياردەم قىپتۇ.

ئاخىر ئاشۇ ئوقۇش يىلى ئاخىرلاشقاندا، ئەيدى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان نەتىجىسى بىلەن كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلاردىن ئېشىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ تومپسون مۇئەللىم ھەمىشە «تەربىيەلىگىلى بولمايدىغان ئوقۇغۇچى بولمايدۇ، پەقەت تەربىيەلەشنى بىلمەيدىغان مۇئەللىم بولىدۇ» دېگەن جۈملىنى ئېسىدىن چىقارمايدىغان بولۇپتۇ.

【تەسىرات】

## ماختاشنى بىلگەندىلا تۇرمۇش تېخىمۇ رەڭدار بولىدۇ

تۇرمۇشتا ھەممە ئادەم ماختاشقا، باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا موھتاج. سەمىمىيلىك بىلەن ماختاش — باشقى-لارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

ماختاشنىڭ ئۆزى ئېتىراپ قىلغانلىق. بۇ ياخشى ئالاقىنىڭ باشلىنىشىدۇر. رېئال تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەم-

ـنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىگە لايىق ئۆلچەم بولىدۇ. بىز باشقىلار بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا مۇشۇ ئۆلچەم ئارقىلىق ئۆلچەپ بېقىپ، شۇ كىشىنىڭ ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ياكى ئەمەسلىكىگە قارايمىز، ئەگەر ئەمەس بولسا، شۇ كىشىدىن بىزار بولۇپ ئېتىراپ قىلمايمىز؛ ئەگەر شۇ بولسا، ئۇ كىشىنى ئېتىراپ قىلىپ، ياخشى كۆرىمىز. ھەربىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھمىيىتى بولىدۇ. تۇرمۇشتا بىز دائىم باشقىلارنىڭ يېتەرسىز-لىكلىرىگە كۆپرەك دىققەت قىلىمىزيۇ، ئۇلارنىڭ ئار-تۇقچىلىقىنى كۆرەلمەيمىز، بىر ئادەمنىڭ كىچىككىنە خاتالىقىنى تۇتقا قىلىۋېلىپ، شۇ كىشىنىڭ نۇرغۇن ئار-تۇقچىلىقىنى يوققا چىقىرىمىز. «ياخشى ئىشنى ئۆيدىن چىقارماي، يامان ئىشنى خەلقئالەمگە يېيىش» دېگەن بۇ گەپمۇ مۇشۇ ئاساستا ئېيتىلغان. بىزنىڭ يېقىنلىرىمىز، ھەمراھلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار، ئۇنى بايقىيالايمىزمۇ-يوق؟ ھەربىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش شۇ كىشىنىڭ نەتىجىسى ۋە قىممىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. كۆپىنچە ھاللاردا بىز ئۇنداق قىلالمايمىز. خاتالىقىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ بېقىش لازىممۇ-يوق؟ بىز ھازىردىن باشلاپ، باشقىلارنى ماختاشنى، بولۇپمۇ ئۆزىمىز ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەرنى ماختاشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم.

ماختاش ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ۋاستە. بىر جۈملە تەرىپلەش بىلەن ئەزەلدىنلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ، ئەزەلدىنلا توسقىلى بولمايدىغان ھەرىكەتنى توسقىلى بولىدۇ. باشقىلارنىمۇ ماختاپ، ئۆزىنى چۈشۈرمەسلىك كېرەككى، ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، باشقىلارنى چۈشۈر-مەسلىك لازىم.

مۇۋاپىق ماختاش — كىشىلىك ئالاقىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان تىل سەنئىتىدۇر. ئەمەلىيەتتە باشقىلارنى ماختاش ئۆزىڭىزنى شۇ كىشى بىلەن ئوخشاش بىر ئورۇنغا قويغانلىق بىلەن باراۋەردۇر. ئەمما، چەكتىن ئاشقان ماختاش يالغانچىلىقتۇر. شۇڭلاشقا، قەدىمكى كىشىلەر «مەدھىيە سۆزى قالايمىقان بولسا بولماس» دېگەن. بۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان تېخىمۇ ئىناق تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن، مۇۋاپىق بولغان ماختاشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىزنىڭ زىيىنى يوق.

# بىر ئىستاكان سۈت بەخش ئەتكەن ئۆمۈرلۈك مېھىر - مۇھەببەت

بىر كەمبەغەل ئوغۇل بالا ئوقۇش پۇلىنى غەملەش ئۈچۈن ئۆيمۇئۆي كىرىپ مال ساتىدىكەن. بىر كۈنى ئاچلىق ۋە سوغۇقتىن ھالى قالماي، يېنىنى ئاختۇرغانىكەن، پەقەت بىر مولا پۇلى قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئۆيگە كىرىپ تاماق تىلىمەكچى بولۇپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ. ئۆيدىن چىرايلىق بىر قىز چىقىپتۇ. بۇ بالا تاماق يېمىگەن بولسىمۇ، پەقەت بىر ئىستاكان سۇ سوراپتۇ. قىز بۇ بالىنىڭ ئاچ قالغانلىقىنى پەملەپ، بىر ئىستاكان كالا سۈتى بېرىپتۇ. بالا كالا سۈتىنى ئالدىرىماي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، قىزدىن نەچچە پۇل تۆلەيدىغانلىقىنى سوراپتۇ. قىز كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىر پۇڭمۇ تۆلىمەڭ، ئانام ماڭا باشقىلارغا رەھىمدىل بولۇشنى، پايدا قوغلاشماسلىقنى ئۆگەتكەن، — دەپتۇ. بالا:

— ئۇنداقتا، سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، — دەپ، بۇ ئۆيدىن كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ئىشىنىپلا قالماي، بەلكى تەڭرىگە ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تېخىمۇ بەكرەك ئىشىنىپتۇ. ئەسلىدە ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتمەكچى

بولۇپتۇ.

بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى قىز ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. شۇ يەردىكى دوختۇرلار بۇ قىزنىڭ كېسەلگە ھېچقانداق ئامال قىلالماي، چوڭ شەھەردىكى دوختۇرخانىدا داۋالاشقا يۆتكەپتۇ. داۋالىماقچى بولغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىچىدە داڭلىق دوختۇر خوۋارد كېللىي بار ئىكەن. دوختۇر خوۋارد كېللىي بۇ بىمارنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، قانداقتۇر ئەجەبلىنىش ئىستىكى بىلەن بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىنى ئويلاپ، دەرھال بىمارنىڭ ياتىقىغا يۈگۈرۈپتۇ.

ئوپېراتسىيە كىيىمىنى كىيىپ بولغان دوختۇر خوۋارد كېللىي كېسەلخانىغا كېلىپ، بىر قاراپلا بۇ بىمارنىڭ ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋاپتۇ. دوختۇر خوۋارد كېللىي داۋالاش ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئامالىنىڭ بارىچە بۇ بىمارنىڭ كېسىلىنى ساقايتىشنى قارار قىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ بىمارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپتۇ.

جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپتۇ. دوختۇر خوۋارد كېللىي دوختۇرخانىدىن بۇ بىمارنىڭ داۋالىنىش پۇلى ئۇقتۇرۇشىنى ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ داۋالىنىش پۇلى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىمزاسىنى قويۇپ بېرىپتۇ. دوختۇرخانا بىمارغا داۋالىنىش پۇلى ئۇقتۇرۇشىنى ئەۋەتىپ بەرگەندە بىمار

كۆرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ. چۈنكى، كېسەلنى داۋالاشقا كەتكەن خىراجەتنى ئۆمۈر بويى قايتۇرۇپ بو- لالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن. شۇنداقتىمۇ بىمار ئاخىر غەيرەتكە كېلىپ داۋالىنىش پۇلى ئۇقتۇرۇش قەغىزىگە قاراپتۇ، داۋالىنىش پۇلى ئۇقتۇرۇش قەغىزىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى كىچىككىنە خەت ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپتۇ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئوقۇپتۇ. قەغەزگە مۇنۇلار يېزىل- غانىكەن: «داۋالىنىش پۇلى تاپشۇرۇلدى، بىر ئىستاكان كالا سۈتى».

ئىمزا قويغۇچى:

دوختۇر خوۋارد كېللىي

بىمارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق يېشى ئېتىلىپ چىقىپتۇ، ئۇ ئىچىدە تىلاۋەت قىلىپ: «تەڭرىم، رەھمەت سىزگە، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ئىنسانلارنىڭ قەلبى ۋە ئىككى قولىنى تۇتاشتۇردى» دەپتۇ.

**【تەسرات】**

## ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىنىمۇ سۆيۈش كېرەك

باش پېرسوناژنىڭ ئاددىي - ساددا ھەرىكىتى مۇھەببىتىمىزگە بېخىللىق قىلماسلىقنى نەسىھەت قىلىدۇ. ئۆزىنى سۆيگەن كىشى ئۆزگىنىمۇ سۆيەلەيدۇ، شۇندىلا

هاياتنىڭ قىممىتى نامايان بولىدۇ. توغرا بولغان ئىدىيە غايەت زور كۈچنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ كۈچ بىزنىڭ ئىسىل پەزىلىتىمىزنى مۇستەھكەملەيدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئادىمگەرچىلىك مەخپىيەتلىكىنى بىلەلىگەن كىشىلەر كۆپىنچە باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىش پىرىنسىپىنى ئىگىلىۋالغان بولىدۇ، ئۇلار دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ گۈزەللىكىنى، ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇغان بولىدۇ ھەمدە ھەقىقىي ياشاشنى بىلگەن بولىدۇ.

مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ھەممىدە ھاياتنى ئويلاش، ئۈمىدۋار بولۇش، ھاياتتا مېھرىبانلىقنىڭ تولۇپ تاشقانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەك. ئۇتۇق قازىنىش، خۇشاللىق ۋە كىشىگە ئىلھام بېرىدىغان ئىدىيىنى تارقىتىدىغان كىشىلەر مەيلى قەيەرگە بارسۇن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى- كۆكسى كەڭ بولىدۇ، باشقىلارنى ھەقىقىي سۆيىدۇ، ئازار يېگەنلەرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىدۇ، روھى چۈشۈپ، ئۈمىدسىزلەنگەنلەرنى روھلاندۇرىدۇ. ئۇلار دۇنيانى قۇتقۇزغۇچىلار، يۈكنى يەڭگىللەتكۈچىلەر.

كۆڭلى- كۆكسىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ باشقىلارنى سۆيەلىسىڭىز، سىزنىڭ بەرگەن كۆڭلىڭىز خۇددى ئەتىرگۈلدەك خۇش پۇراق چاچىدۇ. مېھرىبانلىق بىلەن تەنگە داۋا، دىلغا ناۋا بولغاندا، بەزىبىر ئەكسىچە روھىي ھالەت ئازاب پەيدا قىلغان، تىت-تىت بولغان ۋە يالغۇزچىلىق تارتقان ۋاقتىمىزدا، مېھرىبانلىقنىڭ چىن مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىمىز.

# مۇكەممەل خاراكتېر
# يېتىلدۈرۈش

# قىممەتلىك «مىزان»

سۇزان كىچىكىدىنلا سەمىمىي، دۇرۇس بالا ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن قىممەتلىك «مىزان»، يەنى «ناۋادا باشقىلار-نىڭ ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلساڭ، سەنمۇ شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن باشقىلارغا مۇئامىلە قىل» دېگەننى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزلەشتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ «مىزان»غا ھەر ۋاقىت رىئايە قىلىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاخىرىدا ئۇ ئانىسىدىن بۇ «مىزان»نىڭ مەنىسىنى سورىدى. ئانىسى:

— ئالدى بىلەن ھەرقانداق شەخسىي غەرەزدىن ۋاز كېچىش كېرەك. قوشنىسىنى ئۆزىدىن بەكرەك ياخشى كۆ-رىدىغان بىر ئادەم ئۆز بېشىغا كەلگەن بالا- قازانىڭ قوشنىسىنىڭ بېشىغا كېلىشىنى خالىمايدۇ. باشقىلاردىن قانداق مۇئامىلىنى كۈتسەڭ، باشقىلارغا شۇ مۇئامىلىنى قىلىشىڭ كېرەك. ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىزنى ئازابلاۋاتقان ئېزىتقۇنى تونۇش باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى ئەيىبلىگەن-دىنمۇ كۆپ قىيىن.

بەزى ئادەملەر ئېھتىمال سەمىمىي بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ناھايىتى شەخسىيەتچى كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ «مىزان» نىڭ مەنىسى پەقەت سەمىمىي بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. دۇرۇس بولۇشتىن باشقا يەنە ئاق كۆڭۈل

بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆتكەندە مەن ساڭا ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە بۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ھېكايىدىكى ھېلىقى ئادەم يارىلانغان بىر ئادەمنى ئۇچرىتىدۇ، لېكىن كۆرمەسكە سېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەيدۇ. ھېلىقى ئادەم سەممىي بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ بىچارە ناتونۇش ئادەم ئۇچۇن ئازراق كۈچ چىقىرىشنى خالىمىدى.

سۇزان ئانىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ئەستايىدىل ئويلاپ كۆردى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنى ئويلىغاندا يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرىدىن خىجىللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ، ئىلگىرى شەخسىيەتچىلىك ۋە دوستانە بولمىغان قىلمىشلىرى بىردىنلا كاللىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن مەيلى قانداق ئىشقا دۇچ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىدە چوقۇم قىممەتلىك «مىزان» بويىچە ئىش كۆرۈشنى نىيەت قىلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي سۇزاننى سىنايدىغان پەيتمۇ يېتىپ كەپتۇ. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى تومپسوننىڭ دۇكىنىدا قونۇپ ئىشلەيدىغانلار كۆپ بولۇپ، سۇزاننىڭ ئانىسى ھەر ھەپتىدە ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ، 5 ئامېرىكا دوللىرى تاپاتتى. شەنبە كۈنى كەچتە سۇزان ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۇ يەرگە پۇل ئالغىلى بېرىپتۇ. ئۇ ئاتخانىدا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ.

بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، ئاچچىقلىنىپ تۇراتتى. قارىغاندا دائىم ئۇنىڭ بىلەن باھا

تالىشىدىغان ھېلىقى ئات سودىگىرى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ پورتمالى نىقتاپ سېلىنغان پۇل-نىڭ دەستىدىن تومپىيىپ قالغانىدى. سۇزان ئۇنىڭدىن پۇل سورىغىنىدا خوجايىن ئىلگىرىكىدەك ئۇنى ئەيىبلەپ ئولتۇرماستىنلا، ئۇنىڭ ئالدىراش ۋاقتىدا ئاۋارە قىلغىنىدىن ئاغرىنىپ، بىر پارچە قەغەز پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپتۇ.

سۇزان ئۆزىنىڭ پۇلنى بۇنداق ئاسانلا ئالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئاتخانىدىن ئالدىراش چىقىپ كېتىپتۇ. يولغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ پۇلنى يىغنە بىلەن شار-پىسىنىڭ ئىچىگە ئاۋايلاپ ئىلىپ قويماقچى بولغاندا، تومپسۇن ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە بىر ئەمەس، ئىككى پارچە قەغەز پۇل بەرگەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ تۆت ئەتراپقا قاراپ، ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ بۇ ئۇچۇپ كەلگەن ئامەتتىن بەكلا خۇشال بولۇپتۇ.

«بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولدى» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ كۆڭلىدە، «ئاپامغا يېڭى بىر پلاش سېتىۋېلىشىم كېرەك، ئاپام كونا پلاشىنى مارىيە ئاچامغا بېرىدۇ، بۇنداق بولغاندا كېلەر يىلى مارىيە مەن بىلەن بىرگە مەكتەپكە بارالايدۇ، يەنە ئۇكام تامغىمۇ بىر جۈپ يېڭى ئاياغ سېتىۋالامدىم تېخى».

بىرئازدىن كېيىن ئۇ بۇ پۇلنى تومپسۇن ئەپەندى ئالدىراشچىلىقتا خاتا بېرىپ قويدىمىكىن دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بۇ پۇلنى ئىشلەتسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىرخىل ئىېزىتقۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا:

— بۇ پۇلنى ئۇ ساڭا بەرگەن، سەن نېمىشقا بۇنى ئۇنىڭ ساڭا بەرگەن سوۋغىتى دەپ چۈشەنمەيسەن، ئېلىۋەرگىن، ئۇ ھەرگىز بىلمەيدۇ، ئۇنى خاتا بېرىپ قويدىمۇ دەيلى، ئۇ پورتمالدا بەش يۈەنلىك پۇلدىن بىرى ئارتۇق بولۇپ قالسىمۇ ھەرگىز بىلىپ بولالمايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇ ئۆيگە ماڭغاچ بۇ پۇلنى ئېلىپ ئىشلىتىش كېرەكمۇ ياكى سەممىي بولۇش كېرەكمۇ دېگەننى ئويلاپتۇ.

ئۇ ئۆيى ئالدىدىكى كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئانىسى بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقان ئورۇندۇقنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شۇ ھامان «سەن باشقىلار ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلسۇن دېسەڭ، سەنمۇ باشقىلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭ كېرەك» دېگەن قىممەتلىك «مىزان» ياڭراپتۇ.

سۇزان دەرھال كەينىگە يېنىپ يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپتۇ، تېز يۈگۈرگەنلىكىدىن نەپەسمۇ ئالالماي قاپتۇ، خۇددى كۆرۈنمەس خەتەردىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغاندەك تېز يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى تومپسۇن ئەپەندىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەپتۇ. ھېلىقى قوپال قېرى ئۇنى تۇنجى قېتىم ئالدىدا پەيدا بولغاندەك ھەيران بولۇپ:

— سەن يەنە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەپەندىم، سىز بايا ماڭا قەغەز پۇلدىن ئىككىنى

بېرىپسىز،— سۇزان تىنتەرەپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— نېمە؟ ئىككى پارچە دېدىڭما؟ ئەكپلە كۆرۈپ باقاي، راستتىنلا ئىككى پارچە ئىكەن. ئەجەبا سەن ئەمدى بايقىغان ئوخشىمامسەن؟ نېمشقا بالدۇرراق ئەكېلىپ بەر-مىدىڭ؟— سۇزاننىڭ يۈزى قىزىرىپ، بىرنېمە دېيەلمەي يەرگە قارىۋاپتۇ،— بىلىشىمچە، سەن كۆڭلۈڭدە ئۆزۈڭ ئىشلەتمەكچى بوپتىكەنسەن-دە، ھەي، ھېلىمۇ ياخشى ئاناڭ سەندىن بەكرەك سەمىمىي ئىكەن، بولمىغىنىدا مەن بىكارلا 5 ئامېرىكا دوللىرىنى يىتتۈرۈپ قوياركەنمەن،— دەپتۇ تومپسۇن ئەپەندى.
— ئانام بۇ ئىشنى بىلمەيدۇ، مەن ئۆيگە بېرىشتىن بۇرۇن پۇلنى قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلگەنىدىم،— دەپتۇ سۇزان.
تومپسۇن ئەپەندى ئالدىدىكى بۇ قىزغا دىققەت بىلەن قاراپتۇ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ مونچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەي قاپتۇ. ئۇ يانچۇقىدىن بىر شىللىڭ چىقىرىپ سۇزانغا بېرىپتۇ.
— ياق، رەھمەت سىزگە ئەپەندىم،— سۇزان ئېسەدەپ تۇرۇپ،— مەن كىچىككىنە تۇغرا ئىش قىلغانلىقىم ئۈچۈنلا ھەق ئالسام بولمايدۇ. پەقەت ئۈمىد قىلىدىغىنىم سىز مېنى سەمىمىي ئەمەسكەن دەپ قارىمىسىڭىزلا بولدى، چۈنكى ئۇ ماڭا نىسبەتەن ھەقىقەتەن چوڭ بىر ئېزىتقۇ. ئەپەندىم، سىز ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلە-رىڭىزنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىمۇ سېتىۋالال-

ـمىغانلىقىنى كۆرگەن بولسىڭىز، ھەر ۋاقىت باشقىلارغا مۇئامىلە قىلغىنىڭىزدا خۇددى باشقىلارنىڭ ئۆزىڭىزگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلسىڭىز، بۇ بەكلا قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز، — دەپتۇ.

شۇ ۋاقىتتا، بۇ شەخسىيەتچى قىرىمۇ ئىنتايىن تەـ سىرلىنىپتۇ. ئۇ سۇزان بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە:

— بۇ بۇنيادا بەزىلەرنىڭ يېشى كىچىك بولغىنى بىلەن بەكلا ئىش ئۇقىدىكەن، — دەپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىلـ ـغانلىرىدىن ناھايىتى خىجىللىق ھېس قىپتۇ. سۇزان غەمدىن خالاس بولۇپ ئاشۇ ئاددىي كەپىسىگە قايتىپتۇ. كېيىن ئۇ جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ قېتىملىق ئېزىتقۇنىڭ قولىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلغىنىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالماپتۇ.

【تەسىرات】

## گۈزەل ئەخلاقنى يوقىتىپ قويماڭ

كىچىك سۇزان ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى تومپسۇنغا بىر قېتىملىق كىشىلىك ھايات دەرسى بېرىدۇ، شۇنداقلا بىزگە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى گۈزەل ئەخلاقنى يوقىتىپ قويماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا مەيلى نېمە ئىش قىلماڭ، چوقۇم

بىرخىل راستچىل پوزىتسىيەدە بولۇش كېرەك. بىز دائىم راستچىل ئادەم بولۇشنى قوغلىشىمىز. چۈنكى، ئۇ ئەڭ ئالىي ئەخلاقتا ــــ سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

سەمىمىيلىككە بىلىم ۋە تەجرىبىنى بىرلەشتۈرگەندە ئەقىل-پاراسەت ھاسىل بولىدۇ. ئەقىل- پاراسەت بولسا قىلمىش - ئەتمىشلىرىمىزدىكى قىلچە يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغان بىلىم. بىر ئادەم ئۆزىگە سەمىمىيەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ھەرگىز غەلىبە قازىنالمايدۇ. شام ياكى سۈلياۋدىن ياسالغان نەرسىلەر تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولسا ئېرىپ كېتىدۇ، سەمىمىيەتسىز ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ھەقىقىي ئەپت-بەشىرىسى ئېچىپ تاشلىنىپ، ئىشەنچتىن ئىبارەت ئۇتۇق قازىنىش كوزىرى يوققا چىقىدۇ.

نۆۋەتتە پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى سەمىمىيلىك بىلەن راستچىللىق مۇناسىۋىتىگە ئالمىشىپ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. پەقەت پۇلىڭىز ۋە مۇناسىۋەت دائىرىڭىز كەڭ بولسىلا، ھەرقانداق نەرسىنى سېتىۋېلىشىڭىز مۇمكىن، ھالبۇكى سىز ئىززەت- ئابرۇ-يىڭىزنى، ئىشەنچ ۋە شەرەپنى سېتىۋالالمايسىز. ئۇلار سېتىۋالغىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئەمەس، سەمىمىيىتىڭىز بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيسىز. ئەمەلىيەت ۋە ۋاقىت سىنىقىدا ئۇلار ئۇزاق تارىخ ئارقىلىق يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ۋە مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

بەلكىم سىز مەن مەغلۇپ بولدۇم، ئەسلىدە باشقىلار ماڭا سەمىمىي مۇئامىلە قىلمىغانلىقى ياكى مەن باشقىلارغا

بەكلا سەمىمىي بولۇپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغان، مەن قانداقمۇ باشقىلارغا يەنە داۋاملىق ئىشىنەلەيمەن، مەن بۇنىڭ بىر قىلتاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قانداقمۇ يەنە ئالدىناي؟ دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىزمۇ ئورۇنلۇق، لېكىن سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ بىر سەمىمىي ئادەم بىلەن سەمىمىيەتسىز ئادەمنىڭ ئوبرازىنىڭ بۇ جەمئىيەتتىكى قارشى ئېلىنىش دەرىجىسىدە قانداق ئوخشىماسلىقلار بار؟ بۇ سېلىشتۇرمىنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ئېنىق، بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئادەملەر يەنىلا ئىشەنچنى قوغلىشىدۇ، ھەرگىزمۇ «باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىش» نى خالىمايدۇ. بۇ سۆز پەقەت سىزنى باشقىلارغا ئوڭايلا ئىشىنىپ كەتمەڭ دېگەنلىكتۇر، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا ساختا مۇئامىلە قىلىڭ دېگەنلىك ئەمەس. شۇنداق بولغانىكەن، سىز نېمىشقا سەمىمىيلىكنى قوغلاشمايسىز؟ بەلكىم سىز بۇ جەرياندا ئالدىنىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، سىزنىڭ ئۇچرىتىدىغىنىڭىزنىڭ كۆپىنچىسى سەمىمىيلىك، خالاس. سىز بۇ جەرياندا سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، گۈزەللىكنىڭ خۇشاللىقىنى ھېس قىلىسىز، بۇنىڭ نەتىجىسى سىزنى تېخىمۇ پايدىغا ئېرىشتۈرگۈسى ۋە خۇشال قىلغۇسى.



# بىر پارچە بولكا

بىر كىچىك بازاردا ئاچارچىلىق نامرات ئائىلىلەرگە خەۋپ ئەكەلدى، چۈنكى ئۇلارغا ئەڭ ئاددىيسى قورساقنى بېقىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشمۇ تەسكە توختايتتى.

بازاردىكى ئەڭ باي ئادەم بولكىچى ئۇستام كول بولۇپ، ئۇ ياخشى ئادەم ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئاچارچىلىق ئاپىتىدىن ساق-سالامەت ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇ بۇ بازاردىكى ئەڭ نامرات 20بالىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— بۇندىن كېيىن ھەربىرىڭلار بۇ سېۋەتتىن بىر پارچە بولكا ئالساڭلار بولىدۇ. ھەر كۈنى دەل مۇشۇ ۋاقىتتا سىلەرگە بولكا بېرىمەن، تاكى ئاچارچىلىق ئاپىتى تۈگىگەنگە قەدەر سىلەرگە ياردەم بېرىمەن،— دەپتۇ.

ئېچىرقاپ كەتكەن بالىلار ئارقا- ئارقىدىن كېلىپ سېۋەتتىكى بولكىلارنى تالىشىشقا باشلاپتۇ، بەزىلىرى چوڭراق بولكىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەتتا ئۇرۇشۇپمۇ قاپتۇ. ئۇلار كۆڭلىدە پەقەت بولكىغا ئېرىشىشنىلا ئويلاپتۇ، بول- كىنى ئالغاندىن كېيىن، خۇددى ئاچ قالغان بۆرىدەك يەپ تۈگىتىپتۇ، ھەتتا بولكا بەرگەن ياخشى نىيەتلىك كول ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ.

بولكىچى ئۇستام بالىلار ئارىسىدىكى گرېچ ئىسىملىك

بىر قىزغا دىققەت قىپتۇ. ئۇ ئۇستىگە بەك كونىراپ كەتكەن كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، ھەر قېتىمدا باللارنىڭ ھەممىسى بولكىنى تالىشىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سېۋەتتىكى بولكىنىڭ ئەڭ كىچىكىدىن بىرنى ئېلىپ، بولكىچى ئۇستامنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمايدىكەن.

بولكىچى ئۇستام: «ئۇ چوقۇم بولكىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن بىرگە بەھرىمەن بولماقچى، نېمىدېگەن ئىش ئۇقىدىغان بالا ـ ھە!» دەپ ئويلاپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى باللار ئالدىنقى كۈنىدىكىدەكلا چوڭراق بولكىنى تالىشىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، بىچارە قىز گرېچ تونۇغۇنكىدىنمۇ كىچىكرەك بىر پارچە بولكىنى ئېلىپ ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا بولكىچى ئۇستامنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئانىسى بولكىنى پارچىلاۋاتقاندا، بولكىنىڭ ئىچىدىن كۆزنى چاقنىتىدىغان بىر تال تەڭگە پۇل يەرگە چۈشۈپتۇ. گرېچنىڭ ئانىسى تولۇپلا قاپتۇ، ئاندىن گرېچقا:

— بۇ چوقۇم كول ئەپەندىنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن بولغان، تېزدىن ئاپىرىپ بەرگىن،— دەپتۇ.

قىزچاق تەڭگە پۇلنى ئېلىپ كول ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەپەندىم، سىز ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇ تەڭگە پۇلنى بولكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپسىز، ھېلىمۇ ياخشى پۇل يىتىپ كەتمەي، بولكىنىڭ ئىچىدىن چىقتى، سىزگە پۇلنى

قايتۇرۇپ بەرگىلى كەلدىم،ــ دەپتۇ.

كول ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ ياق بالام، مەن بۇ تەڭگە پۇلنى قەستەن ئەڭ كىچىك بولكىنىڭ ئىچىگە سىلىپ قويغان. مەن بۇنى قەستەن ساڭا بەرمەكچى ئەمەس، پەقەت ئەڭ ئەدەپلىك بالىنىڭ بۇ پۇلغا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم. سەن ئۇنى تاللىدىڭ، ھازىر بۇ تەڭگە پۇل سېنىڭ بولدى، ساڭا بەرگەن مۇكاپاتىم بولۇپ قالسۇن. سېنىڭ مەڭگۈ ھازىرقىغا ئوخشاش قانائەتچان، ئەدەپلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشۈڭنى، ھەربىر ئىشقا مىننەتدارلىق كۆڭلۈڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئاناڭغا ئېيتقىن، بۇ تەڭگە پۇل بىر ئاق كۆڭۈل، ئەدەپلىك قىزغا تېگىشلىك مۇكاپات،ــ دەپتۇ.

【تەسىرات】

## مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

ھېكايە بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، مىننەتدار بولۇشنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك.

مىننەتدار بولۇشنى بىلگەندىلا، ھاياتنى، ئەمگەكنى، يارالمىشنى قەدىرلەشنى بىلىسىز.

مىننەتدار بولۇشنى بىلگەندىلا، بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە كەڭ قورساقلىق ۋە چۈشىنىش كۆپىرەك،

ئەيىبلەش ۋە ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئازراق، ئىناقلىق ۋە ئىللىقلىق كۆپرەك، تالىشىش ۋە بىپەرۋالىق ئازراق، سەـ مىمىيلىك ۋە ئىتتىپاقلىق كۆپرەك. ئالداش ۋە بوشاڭلىق ئازراق بولىدۇ......

ئەكسىچە، مىننەتدار بولۇشنى بىلمەيدىغان ئادەم پەقەت باشقىلاردىن ئېلىشنىلا بىلىدۇ، جەمئىيەتكە ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ، ئۇلار پەقەت شەخسىيەتچى ئادەملەر، خالاس. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار مۇشۇ سەۋەبلىك تۇرمۇشىدا خۇشاللىقنىڭ كەملىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلىشىدۇ، باشقىلار ئاتا قىلغان خۇشاللىقتىن ياكى ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئاتا قىلغان خۇشاللىقىدىن كېلىدىغان بەختتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتىكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە ئامالسىز قالىدۇ.

بىر مەدەنىي جەمئىيەتتە تەشەككۈر ئېيتىشنى، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر، ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئادەم، قاتلام، گۇرۇھلار ئوتتۇـ رىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۇچرىشىش، ماسلىشىشنى، ئاـ دەملەر بىلەن ئادەملەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئىشىنىش، ياردەم بېرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەگەر سىزدە مىننەتدارلىق روھى بولسا، سىز دۇچ كەلگەن بارلىق ئىشلارغا تەشەككۈرىڭىزنى بىلدۈرۈش پوزىتسىيەسىدە بولىسىز. بۇ خىل پوزىتسىيە ئاچچىقىـ ڭىزنى پەسەيتىدۇ، ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ قۇـ ياش نۇرىنى كۆرگىنىڭىزدە، بىر پارچە بولكا يېگەندە، دوستىڭىزنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلغاندا، دەرەخ ئۈسـ

تىدىكى قۇشنىڭ يېقىملىق سايرىغىنىنى ئاڭلىغىنىڭىزدا، ئاسلانچاقنىڭ كارىۋىتىڭىزدا ئۇخلىغىنىنى كۆرگىنىڭىزدە مىننەتدار بولىسىز؛ سىزنىڭ بىر كۈنىڭىز ھەتتاكى بىر پۈتۈن ئۆمرىڭىز بۇ خىل مىننەتدارلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، مۇشۇنداق تۇرۇپ سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنى بەختسىز دەپ قارامسىز؟

مىننەتدار بولۇش روھى بولغاندىلا ئۆزىڭىزنىڭ بۇرچىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتەلەيسىز. كىشىلىك بۇرچ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ھەممەيلەننىڭ بىر كىشىلىك بۇرچى، قەدىر- قىممىتى بار، ھەممەيلەن باشقىلار ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتىدۇ. بىز باشقىلارغا مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈۋاتقىنىمىزدا، ئەمەلىيەتتە بىرىنچى قېتىملىق ئىنكاسىمىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىمىز، قانداق قىلساق تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ بىر خىل ئىنتايىن ساپ جاۋاب قايتۇرۇش روھي ھالىتى بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن ياخشى بىر باشلىنىشتۇر.



# ئىزسەتلەر رىقابىتى

1936-يىلى بېرلىندا گىتلېر 120مىڭ تاماشىبىنغا ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇ ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئارقىلىق ئارىيان مىللىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

ئەينى چاغدا يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىنىڭ ئەڭ ياخشى ماھىرى ئامېرىكىلىق جېسسي ئوۋېنس ئىدى. لېكىن، گىتلېر گېرمانىيەنىڭ يىراققا سەكرەش تۈرىدىكى داڭلىق ماھىرى لوس. لونگنىڭ ئامېرىكىلىق نېگىر ماھىرى جېسسي ئوۋېنسنى يېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئىرقىي ئۈستۈنلۈك قارىشى (ئىرق ئۈستۈن - پەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ) نى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ.

ناتسىستلار گېزىتىدە بۇ نېگىرنى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش بىردەك تەلەپ قىلىنىۋاتقان پەيتتە، جېسسي ئوۋېنس 100مېتىر، 200 مېتىر، 400 مېتىرلىق كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش ۋە يىراققا سەكرەشتىن ئىبارەت تۆت تۈردىكى ئېلىشىشقا قاتنىشىدۇ. يىراققا سەكرەش ئۇنىڭ بىرىنچى تۈردىكى مۇسابىقىسى ئىدى.

گىتلېر ئۆزى شەخسەن جەڭنى كۆزىتىدۇ. لوس.

لونگ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى. نۆۋەت جېسسىي ئوۋېنسقا كەلگەندە، ئۇ پەقەت يېرىم مېتىرلىق پەرق بىلەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى. بىرىنچى قېتىمدا ئۇ سەكرەش تاختىسىغا دەسسىۋېلىپ قائىدىگە خىلاپلىق قىلدى. ئىككىنچى قېتىمدا سەكرەش تاختىسىغا دەسسىۋالماسلىق ئۈچۈن سەكرەش تاختىسىنىڭ كەينىدىن سەكرەپ، نەتىجىسى تازا ياخشى بولمايدۇ.

ئۇ يەنە بىر قېتىم قايتا سەكرىمەكچى بولۇپ ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قەدەمنى ئالالمايدۇ. بۇ چاغدا ئورۇق، كۆك كۆزلۈك بىر ئارىيان تەنھەرىكەتچى ئوۋېنسنىڭ يېنىغا كېلىپ، قوپال ئىنگلىز تىلىدا ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ھاجەتسىز بولۇپ، ئۇ ھەممىگە تونۇشلۇق لوس. لونگ ئىدى.

لوس. لونگنىڭ كېكەچلەپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزى ۋە چىشىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرىشىنى كۆرگەن جېسسىي ئوۋېنسنىڭ چىگىپ كەتكەن نېرۋىلىرى بوشىشىدۇ. لوس. لونگ جېسسىي ئوۋېنسقا ئەڭ مۇھىمى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆتكەن يىلى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشقا يولۇققانلىقىنى، ئاددىي بىر ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئارقىدىن ئۇ جېسسىي ئوۋېنسنىڭ لۆڭگىسىنى ئېلىپ سەكرەش تاختىسىغا بىرنەچچە چى كېلىدىغان يەرگە قويۇپ، مۇشۇ

ئورۇندىن سەكرىگەندە خاتالاشمايدىغانلىقىنى ئىپتىدۇ. جېسسي ئوۋېنس ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، ئو-لىمپىك تەنھەرىكەت رېكورتىنى بۇزۇۋەتكىلى تاسلا قالىدۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىنكى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە لوس. لونگ دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، لېكىن ئارقىدىنلا جېسسي ئوۋېنس ئازغىنە ئۈستۈنلۈك بىلەن لوس. لونگنى يېڭىلايدۇ.

سەھنىگە چىققان گىتلېرنىڭ چىرايى تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن بولۇپ، پەستىكى كەيپىياتى كۆتۈرەڭگۈ تاماشىبىنلارنى كۆرۈپ جىمىپ كېتىدۇ. مەيداندا لوس. لونگ جېسسي ئوۋېنسنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنى 120مىڭ گېرمانىيەلىك يىغىلغان سەھنىگە تارتىپ ئاپىرىپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— جېسسي ئوۋېنس! جېسسي ئوۋېنس! جېسسي ئوۋېنس!» دەپ ۋارقىرايدۇ. سەھنىدە بىردەملىك جىم-جىتلىقتىن كېيىن تۇساتتىنلا، — جېسسي ئوۋېنس! جېسسي ئوۋېنس! جېسسي ئوۋېنس! — دېگەن ئاۋاز ياڭرايدۇ. جېسسي ئوۋېنس يەنە بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ئارقىلىق رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

تاماشىبىنلار تىنچلانغاندىن كېيىن، ئۇ لوس. لونگنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ئاۋازدا:

— لوس.لونگ! لوس.لونگ! لوس.لونگ! — دەپ ۋارقىرايدۇ. پۈتۈن مەيداندىكىلەرمۇ بىردەك:

— لوس.لونگ! لوس.لونگ! لوس.لونگ!— دېيىد-

ـشىدۇ. رەزىل سىياسىي بولمىغان بولسا، ئىرقىي كەمسىـ
ـتىشمۇ بولمىغان، ئالتۇن مېدالنى تالىشىشمۇ بولمىغان
بولاتتى. ماھىرلار ۋە تاماشىبىنلار جىمجىتلىق ئىچىدە بۇ
ئەزىمەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتىن تەسىرلىنىدۇ.

جېسسىي ئوۋېنس ياراتقان 8.06 مېتىرلىق رېكورت
24 يىل ساقلىنىپ قالىدۇ. ئو ئاشۇ قېتىملىق ئولىمپىك
تەنھەرىكەت يىغىنىدا تۆت دانە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشىپ،
دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ تەنھەرىكەتچىنىڭ بىرى دېگەن
نامغا ئېرىشىدۇ.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن جېسسىي ئوۋېنس ئەسلەپ
تۇرۇپ:

— لوس.لونگ مېنىڭ تۆت دانە ئالتۇن مېدالغا
ئېرىشىشىمگە ياردەم بەرگەن، ئۇ ساپ ھەم غەمخورلۇققا
تولغان ئىنسانىي مۇھەببەتنى چۈشەنگەن، بۇ ھەقىقىي،
مەڭگۈ ئۆچمەس تەنھەرىكەتچىنىڭ روھى، دۇنيا رېكورتى
ھامان بىر كۈنى يەنىلا بىر يېڭى ماھىر تەرىپىدىن
يېڭىلىنىدۇ، بىراق بۇ روھ مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، — دەيدۇ.

【تەسىرات】

## باشقىلارغا مېھىر-شەپقەت، ئىللىقلىق يەتكۈزۈڭ

تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە مۇ-
ھەببەتكە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە تەسىرلىنىشتۇر. نۇرغۇنلىغان
ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى، ئۆزىگە

كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، لېكىن باشقىلارنى چۈ-
شىنىش ۋە باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە سەل قارايدۇ. بىر
قېتىملىق مەكتەپ تەشكىللىگەن مەجبۇرىي قان تەقدىم
قىلىش پائالىيىتىگە شىياۋ ۋاڭمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇ
چۈشتىن بۇرۇن قان تەقدىم قىلىپ بولۇپلا ئۆيگە
قايتىپ ئارام ئاپتۇ. كەچتە مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە
مۇئەللىمدىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىپتۇ. گەرچە
بىرنەچچە ئېغىز ئاددىي ئەھۋال سورالغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولۇپتۇ. رەھبەرلىك ۋە
مۇئەللىمدىن شۇنچە ئەيمىنىدىغان شىياۋ ۋاڭنىڭ قەلبى
شۇ پەيتتە چەكسىز مىننەتدارلىققا تولغانىدى ھەم شۇ
ۋاقىتتا رەھبەرلىك ۋە مۇئەللىمنىڭ غەمخورلۇقىنى ھە-
قىقىي ھېس قىلغانىدى.

تۇرمۇشتا تېخىمۇ ياخشى ياشاشقا، باشقىلار بىلەن
ئالاقە قىلغاندا تېخىمۇ سەممىي، كۆيۈمچان بولۇشقا
توغرا كېلىدۇ. باشقىلار ئاتا قىلغان مېھىر- مۇھاببەتنى
قەدىرلەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ قىزغىن
ھېسسىياتى ۋە مۇھەببىتىنى تەقدىم قىلىش كېرەك.

مۇھەببەت دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرالايدۇ؛
ئۆچمەنلىكنى يوقىتالايدۇ؛ كىشىنى خۇشاللىققا چۆمدۈ-
رىدۇ؛ سىزنى قايناق ھېسلارغا چۆمدۈرىدۇ. ئېسىڭىزدە
بولسۇنكى، باشقىلار سىزگە موھتاج بولغاندا ھېچ
ئىككىلەنمەستىنلا ئۇنىڭغا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ،
گەرچە بۇ قول ئۇنچە قەيسەر، ئۇنچە كۈچلۈك
بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ قول مۇھەببەتكە تولغان.

# ئەك قورساقلىق

ئىلگىرى بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغانىكەن. باي ياشىنىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزىنىڭ مال- مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى ئۈچ ئوغلىغا قالدۇرۇشنى نىيەت قىپتۇ. لېكىن، بۇ بايلىقلارنى قايسى ئوغلىغا قالدۇرۇش كېرەك؟ باي بىر ئامال ئويلاپ چىقىپتۇ. ئۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىشى ئۈچۈن بىر يىل ۋاقىت بېرىپتۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىم ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش قىلغان بولسا، بايلىقنى شۇنىڭغا قالدۇرماقچى بولۇپتۇ.

بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئۈچ ئوغۇل ئارقا- ئارقىدىن قايتىپ كەپتۇ، باي ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئېيتىپتۇ. چوڭ ئوغلى كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— مەن دۇنيانى ئايلىنىۋاتقان ۋاقتىمدا بىر ناتونۇش ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالدىم، ئۇ ماڭا ئىشىنىپ بىر تاغار ئالتۇننى ساقلاپ بېرىشىمگە تاپشۇردى، لېكىن ئۇ كىشى تاسادىپىيلا قازا قىلدى. مەن بۇ بىر تاغار ئالتۇننى ئۆز پېتى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە يەتكۈزۈپ بەردىم، — دەپتۇ.

ئىككىنچى ئوغلى ئىشەنچ بىلەن:

— مەن سەپەر قىلىپ نامرات بىر قىشلاققا يېتىپ

كەلگىنىمدە، بىر بىچارە قەلەندەرنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتـ-
-كىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى
قۇتقۇزۇپ قالدىم ھەم ئۇنىڭغا بىرمۇنچە پۇل بەردىم، —
دەپتۇ. ئۈچىنچى ئوغلى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:
— مەن ئىككى ئاكام يولۇققانغا ئوخشاش ئىشنى ئۇچراتمىدىم، مەن سەپەر قىلىۋاتقىنىمدا بىر كىشىگە ئۇچراپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ ھەمىيىنىمغا ئىرىشىشنى بەكلا ئويلىغاچقا، يول بويى بارلىق ئامالLارنى ئىشقا سېلىپ مېنى قەستلىدى. مەن ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. لېكىن، مەن بىر كۈنى يار لېۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئۇ ئادەمنىڭ يار لېۋىدىكى بىر دەرەخـ-
-نىڭ تۈۋىدە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن شۇ ۋاقىتتا پۈتۈمنى شۇنداق كۈتۈرۈپلا ئۇنى يەڭگىل تېپىپ قويساملا ئۇ يارغا چۈشۈپ كېتەتتى، مەن قايتا- قايتا ئويلاپ بۇنداق قىلسام بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، يولۇمغا ماڭـ-
-ماقچى بولدۇم. كېيىن يەنە ئۇنىڭ بىر ئۆرۈلۈپلا يارغا چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ئويغىتىپ قويۇپ، ئاندىن يولۇمغا ماڭدىم. بۇ ھەرگىزمۇ ئەھمىيەتلىك سەر-
-گۈزەشتە ھېسابلانمايدۇ،— دەپتۇ. باي ئۈچ ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:
— سەممىي بولۇش، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پە-
زىلەت، بۇنى ئالىيجانابلىق دېيىشكە بولمايدۇ. ئۈچ ئىشلىشقا پۇرسەت بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنىڭ خەتەردىن قۇتۇلۇشىغا

ياردەم بېرىشتەك بۇنداق كەڭ قورساقلىق ھەققىي ئالىيجانابلىقتۇر. مەن بارلىق بايلىقىمنى كەنجى ئوغلۇمغا قالدۇرماقچىمەن، — دەپتۇ.

【تەسرات】

## باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق قىلسىڭىز، چەكسىز بەختنىڭ بەھرىمەن بولىسىز

باي كەڭ قورساقلىقنى ئەڭ ئالىيجانابلىق دەپ قارىغان، بۇ ئاساسى يوق گەپ ئەمەس.

ناۋادا سىز بىرسىگە ئۆچ بولغان ۋاقتىڭىزدا كۆڭلىڭىزدە دائىم ئۆچمەنلىك ساقلاپ، شۇ ئادەمنىڭ بەختسىزلىككە، جازاغا ئۇچرىشىنى ئۈمىد قىلىسىز، ئىشلىرىڭىز دائىم كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقاندەك، بىر خىل چۈشكۈنلۈك، سەۋەبسىز تېرىكىشتەك روھىي كەيپىياتتا بولىسىز-دە، بۇرۇنقىدەك ئازادىچىلىك ۋە خۇشال كەيپىياتتا بولالمايسىز. شۇنىڭ بىلەن روھىي ھالىتىڭىز تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن باشقىلارغا ئۆچمەنلىك ساقلىغان ۋاقتىڭىزدا، ئۇلاردىن يىراقلىشىشقا باشلايسىز. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنىلا كۆرۈپ، گەپتە چېقىپ، ئۇلارغا ئۆچمەنلىك نەزىرىڭىز بىلەن قارايسىز، نەتىجىدە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى قاتماللاشتۇرۇپ، ئۆزىڭىزگە دۈشمەن تېپىۋالىسىز. باشقىلارغا «ئۆلگۈدەك» ئۆچ بولدۇم دېيىشتەك بۇخىل

ئۆچمەنلىك كەيپىياتى سىزنىڭ ناچار كەيپىياتىڭىزدا مۆلچەرلىگۈسىز رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن بۇنىڭغا، ئەتە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلىغىنىڭىزدا دوستلىرىڭىز بارغانسېرى ئازلاپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ، «تەنها ئادەم»گە ئايلىنىپ قالىسىز. بۇنداق كېتىۋەرسە، تۇرمۇشتىكى تېخىمۇ كۆپلىگەن ئىشلار ئەكسىگە يېنىپ، بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىڭىز بارغانسېرى ئاجىزلاپ، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالىسىز، ھەتتا كەيپىياتىڭىز بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ، ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويىسىز. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، باشقىلارغا ئۆچمەنلىك ساقلاش قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئازاب پەيدا قىلىۋالغىنىڭىز بولۇپ، ئۆزىڭىزنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈۋالىسىز، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆچمەنلىك ساقلىغان ئادىمىڭىزنى ئازابلىغان بولمايسىز. شۇڭا، باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، كۆڭلىڭىزدە ئۆچمەنلىك ساقلىغىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاپ كۆرۈڭ. ناۋادا سىزمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالدا قالسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ يېقىن ئادىمىڭىز سىزگە زىيانكەشلىك قىلغىنىدا، ئۇنىڭ بۇرۇن سىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشىڭىزغا قىلغان ياردىمى ۋە غەمخورلۇقىنى ھەمدە ئۇنىڭ سىزگە بولغان بارلىق پايدىلىق تەرەپلىرىنى ئويلاڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز قەلبىڭىزدىكى نەپرەت ئوتلىرى ئۆچۈپ، ئاچچىقىڭىز پەسىيىپ قېلىشى، كەڭ قورساقلىق بىلەن باشقىلارنىڭ

خاتالىقىنى ئەپۇ قىلالىشىڭىز ياكى ئاراڭلاردىكى چۈشە-
نىشمەسلىكنى يوقىتالىشىڭىز، زىددىيەتنى پەسەيتىپ،
بۇرۇنقىدەكلا ئۆتۈپ كېتەلىشىڭىز مۇمكىن. مۇشۇنداق
قىلىسىڭىز، كەڭچىلىككە ئېرىشكەنلەر باشقىلار، پايدىغا
ئېرىشىدىغىنى يەنىلا ئۆزىڭىز بولىسىز، بۇنىڭدىن
كېيىنكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كۆڭلىڭىز ئازادە ھالدا
ئۆگىنىش ۋە خىزمىتىڭىزگە كىرىشىپ كېتەلەيسىز.

مەيلى سىز ئۆمرىڭىزدە قانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىماڭ، قانداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالماڭ، ئۆزىڭىز-نىڭ ئاۋۋالقى مىزانىدىن چەتنەپ كەتمەي، كۆڭلى- كۆك-سىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىيىتىڭىزنى نامايان قىلىپ، چەكسىز بەختتىن بەھرىمەن بولۇڭ!



# بىر تال كونا تىللا

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن بىر قىسىم فىرانسىيە كونا ئەسكەرلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھايىتى ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، پەقەت فرانكو. رېيبو گازدىن زەھەرلەنگەنلىكى ئۈچۈن سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلەلمەي، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قېلىپ، تۇرمۇشى ناھايىتى نامراتچىلىقتا ئۆتۈپتۇ. فرانكونىڭ غۇرۇرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلمايدىكەن.

ھەر يىلى بۇ جەڭچىلەر بىر قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزىدىكەن. بىر يىلى ئۇلار جونىس. گراندنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپتۇ، جونىس. گراند ناھايىتى سېمىز بولۇپ، ھەمىشە دائىم تومپىيىپلا تۇرىدىكەن. يىغىلىش ئارىلىقىدا ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال تەڭگە پۇلنى چىقىرىپ، بۇ كونا تەڭگە پۇلنىڭ دەۋرى، قىممىتى ۋە كېلىش مەنبەسىنى سۆزلەپ كېتىپتۇ. مېھمانلار ئۇزۇن جوزا ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈپ، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختاپتۇ. پاراڭنىڭ تېمىسى كونا پۇلدىن يۆتكىلىپ، باشقا قىزىق گەپلەر بولۇنۇۋاتقاندا، تۇساتتىن گراند تەڭگە پۇلنى ئېسىگە ئاپتۇ، لېكىن بۇ تەڭگە ئاللىبۇرۇن غايىپ بولغانىدى.

كۆپچىلىك بىر-بىرىنى ئەيىبلىشىپ، بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئولتۇرغاندا، بىرەيلەن يانچۇق ئاختۇرۇش تەلىپىنى بېرىپتۇ. ھەممەيلەن قوشۇلۇپتۇ، پەقەت رېببو قارشى چىقىپتۇ. ھەممەيلەن ھەيران قاپتۇ.

— سەن يانچۇقۇڭنى ئاختۇرۇشنى خالىمامسەن، — دەپ سوراپتۇ گراند ئەپەندى.

رېببو يۈزلىرى قىزارغان ھالدا:

— شۇنداق، مەن قارشى تۇرىمەن، — دەپتۇ.

— يانچۇق ئاختۇرۇشقا قارشى تۇرغىنىڭنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك؟ — دەپتۇ تەڭگە پۇلنىڭ ئىگىسى گراند قىلچە تۈزۈت قىلماستىنلا.

— مەن تەڭگە پۇلنى ئوغرىلىمىدىم، شۇڭا ئاختۇرۇشۇڭلارنى رەت قىلىمەن، — دەپتۇ رېببو.

شۇنداقتىمۇ ئوخشاشلا يانىنى ئاختۇرۇش باشلىنىپتۇ. ئۇلار يانچۇقلىرىنى بىردىن-بىردىن تەتۈر ئۆرۈپ، تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، تەڭگە پۇل پەقەت تېپىلماپتۇ. ئۇلار يەنە رېببودىن گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ.

— سەن يەنە ئۆزۈڭنىڭ پىكرىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇۋالامايدىغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ گراند. رېببو ئۈن چىقارماستىن جىم تۇرۇپتۇ. گراند ئاچچىقلانغان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ، رېببومۇ ھەممىنىڭ كۆزى تىكىلىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا ئامالسىز كېتىپ قاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن رېببونىڭ نامى ھەريانغا تارقىلىپ، ئادەملەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپتۇ. رېببو تېخىمۇ نامراتچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئايالى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.
ئويلىمىغان ئىش ئاخىر يۈز بېرىپتۇ. گراند ئائىلىسى ئۆيلىرىنى قايتىدىن رېمونت قىپتۇ، بىر ئىشچى پولنىڭ قىسلچىقىدىن ھېلىقى تەڭگىنى تېپىۋاپتۇ.
ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلىنىپ، گراند ناھايىتى ئازابلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ رېببونىڭ كونا كەپىسىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ.
ــ لېكىن، دوستۇم سەنمۇ بەكلا كاجكەنسەن، تەڭگىنى سەن ئالمىغاندىكىن ئۆز ۋاقتىدا نېمشقا يېنىڭنى ئاختۇرۇشنى رەت قىلىسەن؟ــ دەپ سوراپتۇ گراند ئەجەبلىنىپ.
رېببو ھاڭۋاققان ھالدا گراندقا قاراپ تۇرۇپ:
ــ مەن ئۆز ۋاقتىدا راستتىنلا ئوغرىلىق قىلغان، بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاچلىقتىن ئىچىرقاپ كەتكەنىدى، مەن ئامالسىزلىقتىن ئۇستەل ئۇستىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلىقچە يانچۇقۇمغا سېلىۋالغانىدىم، كۆڭلۈمدە پەقەت بىچارە ئايالىم ۋە بالىلىرىمنىڭ مەززە قىلىپ يېيىشىنىلا ئويلىغانىدىم،ــ دەپتۇ.

## 【تەسرات】

### جەمئىيەتكە، تۇرمۇشقا ماسلىشىڭ

ئەرزىمەس بىر تال كونا تەڭگە پۇل بىر توپ

ئادەملەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ كۈچ- قۇدرىتىنى تولۇق نامايان قىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ سەپداشلار ئوت بىلەن قان ئىچىدە بىر-بىرىنى سىناشقانلار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەملەردە بولىدىغان ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ساپ دوستلۇق بار ئىدى. ئۇلار ئۇرۇشتا بەختكە يارىشا ھايات قېلىپ، ھەربىلى بىر قېتىم يىغىلىپ، ھايات- ماماتتا جاپانى تەڭ تارتقان كۈنلىرىنى ئەسلىشەتتى. پۇل ئۇلارغا نىسبەتەن ئەرزىمەس نەرسە بولىسمۇ، بىر تال تەڭگە پۇلنىڭ يىتىپ كېتىشى بىلەن بۇ كونا سەپداشلار ئۆزئارا ئەيىبلەشتى، ھەتتا بىر-بىرىنىڭ يىنىنى ئاختۇرۇشتى. پۇلنىڭ ئىگىسى گرانىدنىڭ گەرچە ھەمىنى دائىم «تومپىيىپ» تۇرىسمۇ، «قىلچە يۈز خاتىر قىلماستىن» نامرات سەپدىشى رېيبونى سوئال- سوراق قىلىپ، كىچىككىنە بىرتال تەڭگە پۇل ئالدىدا مېھىر- شەپقەت چۆمبىلىنى يىرتىپ تاشلايدۇ. دوستلۇق كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ھەرقانداق كىشى ئازابلىنىدۇ.

رېيبونىڭ «تۇرمۇشى ناھايىتى نامرات»، لېكىن ئۇنىڭ «غۇرۇرى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلمايتتى» دېگەن بۇ جۈملىدىن بىز ئۇنىڭ گرانىدنىڭ پۇلىنى ھەرگىزمۇ ئوغرىلىۋالمايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بىراق، ئۇ يىنىنى ئاختۇرۇشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، ھەتتا باشقىلار ئۇنىڭغا گۇمان نەزىرى بىلەن قارىسىمۇ، ئۇ ئامالسىز سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇ پەقەتلا «غۇرۇرى كۈچلۈك» بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، ھېكايىدا بىر

تەرەپتىن كۆپچىلىكنىڭ ئۇنى ئوغرى دەپ گۇمانلان- غانلىقىنى، ئۇنىڭ سەۋەبىنى دەپ بىرىشكە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، نامراتلارنىڭ جەمئىيەتتە «گادايدا پەزىلەت يوق» دېگەن مۇشكۇل ئەھۋالى ئىنكاس قىلىنغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇرمەنلەرنى تەشۋىشكە سېلىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلىشكە قىزىقتۇرغان.

تەڭگە پۇل تېپىلغاندىن كېيىن، ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلانغان، يەنى رېبىبو ئاچ قالغان ئايالى ۋە با- لىلىرى ئۈچۈن تاماق ئۈستىلىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلىغانلىقتىن يېنىنى ئاختۇرۇشنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىگەن، يەنى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قاچقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ نامراتلىشىپ كەتكەن، ئايالىدىنمۇ ئايرىلغان. رېبىبونىڭ قىسمىتى فىرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بىر قىسىم كونا جەڭچىلەرنىڭ پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسى. ئۇلار يارىلانغان، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان، ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت ئۇلارنىڭ نامراتلىق ئىچىدىكى نالىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ قىلچە كارى بولمىغان. ھېكايىنىڭ باش- ئاخىرى ماسلاشقان بولۇپ، رېبىبودىن ئىبارەت بۇ پېشقەدەم جەڭچىگە سەپداشلىرىمۇ دوستلۇق قوللىرىنى سۇنمىغان. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، غۇرۇرى كۈچلۈك رېبىبونىڭ «سەدىقە» قوبۇل قىلماسلىقى قەلەندەرلەردەك ياشاشنى خالىمىغانلىقىدۇر. لېكىن، ئۇ

نامراتلىق دەستىدىن ئامالسىز ئايالى ۋە باللىرى ئۈچۈن يېمەكلىك ئوغرىلىغان. ناۋادا بىرەر ئادەم ئۇنىڭغا باراۋەر مۇئامىلە قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سەممىي ياردەم بەرگەن بولسا، ئۇ بىراقلا رەت قىلمىغان بولاتتى. رىيبو گەرچە ئىرادىسى قەتئىي ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئايالى ۋە باللىرىنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالماي، دوستىنىڭ تاماق ئۈستىلىدىكى بولكىنى ئوغرىلاشقا مەجبۇر بولغان. بولمىسا بۇ خىل ھاقارەت ۋە كەمسىتىشلەرگە چىداپ، مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتى.



# يېرىم كومزەك

ھىندىستاندا بىر ئادەم بولۇپ، ئۆيى تاغنىڭ ئۈستىدە ئىكەن. ئىچىدىغان سۇيىنى بولسا تاغ باغرىدىكى كىچىك بىر ئېرىقتىن ئېلىپ كېلىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى سۇ توشۇپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەي-دىكەن. ھىندىستانلىقلار سۇنى كومزەكتە توشۇيدىغان بولغاچقا، بۇ ئادەم كومزەك سېتىۋالغان ۋاقتىدىلا بىرسى يېرىق، يەنە بىرسى ساق كومزەك سېتىۋالغانىكەن. ساق كومزەكتىكى سۇ ئۆيگە كەلگۈچە ئۆز پېتى تۇرىدىكەن، لېكىن يېرىق كومزەكتىكى سۇنىڭ پەقەت يېرىمىلا قالىدىكەن. شۇڭا، ئۇ ھەر قېتىم سۇ توشۇغاندا پەقەت بىر يېرىم كومزەكلا سۇ ئەكېلەلەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەر بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئىككى يىل ئۆ-تۈپتۇ. بۇ ئىككى يىل ئىچىدە ھېلىقى ساق كومزەك ئۆزىنىڭ نەتىجىسىدىن قانائەتلىنىپلا قالماستىن يەنە مۇكەممەللىكىدىنمۇ مەغرۇرلىنىپتۇ، لېكىن بىچارە يېرىق كومزەك بولسا ئۆزىدىكى بۇ تەبىئىي يېرىقتىن ئىنتايىن خىجىللىق ھېس قىلىپ ئازابلىنىپتۇ.

ئىككى يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى، يېرىق كومزەك ئېرىق بويىدا ئىگىسىگە مۇنداق دەپتۇ:

— ئۆزۈمدىن خىجىل بولۇپ، ساڭا يۈز كېلەلمەي-

ـدىغاندەكلا ھېس قىلىۋاتىمەن،ــ دەپتۇ.

ــ نېمىگە خىجىل بولىسەن،ــ دەپ سوراپتۇ ئىـ
ـگىسى.

ــ بۇ ئىككى يىلدىن بېرى سەن ئۆيگە سۇ توشۇغۇچە مېنىڭ يېرىقىمدىن سۇ ئېقىپ، پەقەت يېرىم كومزەكلا سۇ توشۇيالىدىڭ، سەن ئىككى كومزەك سۇنىڭ كۈچىنى چىقارغان بولساڭمۇ، لېكىن ئېرىشكىنىڭ تولۇق ئىككى كومزەك سۇ بولمىدى،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يېرىق كومزەك.

ئىگىسى يېرىق كومزەكنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپتۇ ھەم ھېسداشلىق قىلىپ:

ــ ئۆيگە قايتىش يولىدا سېنىڭ يول بويىدىكى ئاشۇ چىرايلىق گۈللەرگە قاراپ قويۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن،ــ دەپتۇ.

ئۇلار تاغ باغرىغا چىققاندا يېرىق كومزەك يول بويىدىكى گۈللەرنىڭ قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغانـ
ـلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. بىراق، يولنىڭ ئۇ بېشىغا چىققاندا، ئۇ يەنىلا ئازابلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇ- نىڭدىن يەنە سۇ ئېقىشقا باشلىغانىكەن. ئۇ ئىگىسىدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ، لېكىن ئىگىسى:

ــ ئەجەبا سەن باياتىنقى ئاشۇ چىرايلىق گۈللەرنىڭ سېنىڭ يېنىڭدىلا ئېچىلغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ چۈنكى، مەن سېنىڭ يېرىقىڭ بارلىقىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم، شۇڭا سېنىڭ يېرىقىڭدىن پايدىلاندىم، مەن سېنىڭ بۇ تەرىپىڭگە گۈل ئۇرۇقى چېچىپ قويغاندىم، ھەر قېتىم بىز ئېرىق بويىدىن

قايتقان ۋاقتىمىزدا يېرىقىڭدىن ئاققان سۇ گۈللەرنى سۇغىرىپ تۇردى. بۇ تاغدا چىغىر يول ناھايىتى كۆپ، لېكىن بىز ماڭغان بۇ يولدىن باشقا يەنە بىر يولدا مۇنداق چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپ تۇرمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ يە؟ — دەپتۇ.

**【تەسرات】**

## كەمتۈكلۈكنى گۈزەللىككە ئايلاندۇرۇڭ

سىز بۇ مەسەلدىن تەسىرلەندىڭىزمۇ؟ ھېلىقى ھىندىستانلىقنىڭ ھەرىكىتىدىن، ھېلىقى چاك كەتكەن يېرىق كومزەكنىڭ يول بويىدىكى چىرايلىق گۈللەرنى سۇغارغانلىقىدىن تەسىرلەندىڭىزمۇ؟ سۇ توشۇغۇچىدا مېھرىبان، گۈزەل قەلب بار بولۇپ، ئۇ چاك كەتكەن كومزەكنى كەمسىتمەستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ يېرىقىدىن پايدىلىنىپ، يول بويىنى چىرايلىق گۈللەر بىلەن بېزىگەن. ئۇ بارلىق ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغان، كەمتۈكلۈكىدىن خىجىللىق ھېس قىلىدىغان كىشىلەر ۋە شەيئىلەرگە ئىللىقلىق ۋە تەسەللى ئاتا قىلغان.

مەسەلدە ئىككى خىل كومزەكنىڭ گەپ-سۆزى، ھەرىكىتى جانلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، ساق كومزەك ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن مەغرۇرلانغان، ھېلىقى يېرىق كومزەك بولسا تەبىئىي يېرىقىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەپ، خىجىللىق ھېس قىلغان. بىز تۇرمۇشىمىزدا دائىم مۇ-

شۇنداق ئىشلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز. بەزىدە نەتىجىمىز-دىن مەغرۇرلىنىپ كېتىمىز، يەنە بەزىدە يېتەرسىز-لىكىمىز تۇپەيلى ئۆزىمىزنى ئەيىبلەپ، خىجىللىق ھېس قىلىمىز.

سۇ تۇشۇغۇچى بىزگە شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇ-كى، كەمتۈكلۈكنى گۈزەللىككە ئايلاندۇرۇش كېرەك. پە-قەت گۈزەل قەلب بولىدىكەن، باشقىلارنىڭ قىممىتىنى بايقىۋالالايمىز، باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قايتا تۇرغۇزۇ-شىغا، يېتەرسىزلىكىنى تۈزىتىشىگە ياردەم بېرەلەيمىز.

يېرىق كومزەك بىزگە مەلۇم يېتەرسىزلىكىمىزدىن ئۆزىمىزنى ئەيىبلىمەي، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىنى بايقىيالىساقلا، بىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ياخشى نە-تىجىلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۇرىدۇ.



# يار لېۋىگە بېرىپ قېلىش

بىر بوۋاي تاغدا ئوتۇن كېسىۋاتقاندا، غەلىتىلا بىر قۇش بالىسىنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇ غەلىتە قۇشنىڭ چوڭلۇقى يېڭى تۇخۇمدىن چىققان چۈجىچىلىك ئىكەن، بۇ قۇش بەكلا كىچىك بولۇپ، ئۇچالمىغاچقا، بوۋاي بۇ غەلىتە قۇش بالىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ نەۋرىسىگە بەر-مەكچى بولۇپتۇ.

بوۋاينىڭ نەۋرىسى ناھايىتى كەپسىز بولۇپ، ئۇ غەلىتە قۇش بالىسىنى مېكىياننىڭ بىر توپ چۈجىلىرى قاتارىغا قوشۇۋېتىپتۇ، مېكىيان بۇ غەلىتە قۇش بالىسىنى پەرقلەندۈرەلمەي بالىلىرى قاتارىدا بېقىپتۇ.

غەلىتە قۇش كۈندىن- كۈنگە چوڭ بولۇشقا باش-لاپتۇ، كېيىن ئۇنىڭ بىر بۈركۈت ئىكەنلىكى ئايان بولۇپتۇ. كىشىلەر بۈركۈتنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىن، توخۇلارنى يەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشى ئارتۇقچە بولۇپ، بۈر-كۈت چوڭ بولغانسېرى توخۇلار بىلەن ناھايىتى ئېجىل-ئىناق ئۆتۈپتۇ. پەقەت بۈركۈت ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، تۆۋەنگە شۇڭغۇغاندىلا، توخۇلاردا بىردەملىك ھودۇقۇش ۋە پاتىپاراقچىلىق كۆرۈلىدىكەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، يېزىدىكى كىشى-

لەرنىڭ كۆزىگە بۆركۆت بىلەن توخۇلارنىڭ بىرگە تۇر-
غىنى سىغماپتۇ، قايسى ئۆينىڭ توخۇسى يىتىپ كەتسە،
ئالدى بىلەن بۆركۆتتىن گۇمانلىنىپتۇ، چۈنكى بۆركۆت
تۇغۇلۇشىدىنلا توخۇ يەيدىغان بولغاچقا، بارغانسېرى
نارازى بولۇۋاتقان كىشىلەر بىردەك:
— بۇ بۆركۆتنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى ياكى بولمىسا قويۇپ
بېرەيلى، ئۇ مەڭگۈ قايتىپ كەلمىسۇن دېيىشىپتۇ.
بۆركۆت بىلەن بىرگە تۇرغان ۋاقىت ئۇزارغانسېرى
بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى خالىماي،
قويۇپ بەرمەكچى بولۇپتۇ. ئۇلار شۇنچە كۆپ ئاماللارنى
ئىشقا سالغان بولىسمۇ، لېكىن بۆركۆتنى كەتكۈزۈۋ-
ۋېتەلمەپتۇ. ئۇلار بۆركۆتنى يېزىنىڭ سىرتىدىكى دالىغا
ئېلىپ چىقىپ قويۇپ بېرىپتۇ، لېكىن بۆركۆت بىرنەچچە
كۈندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەپتۇ، ئۇلار ئۇنى ئۆيگە
كىرگۈزمەپتۇ، ئۇرۇپ يارلاندۇرۇپمۇ بېقىپتۇ...... ھەرقانچە
قىلسىمۇ، بۆركۆت كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ئۇلار بۆر-
كۆتنىڭ ئۆزى چوڭ بولغان ماكاندىن مېھرىنى ئۈزەلمەي-
ۋاتقانلىقىنى، ئىللىق ئارامبەخش ئۇۋىسىدىن ئايرىلغۇسى
كەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپتۇ.
كېيىن يېزىدىكى بىر بوۋاي:
— بۆركۆتنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، مەن ئۇنى تەبىئەتكە
قايتۇرۇپ، مەڭگۈ كەلمەس قىلىمەن، — دەپتۇ. بوۋاي بۆر-
كۆتنى بىر تىك يار تۈۋىگە ئېلىپ كەپتۇ، ئاندىن بۆركۆتنى
يارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە قارىتىپ خۇددى بىر پارچە
تاشنى ئاتقاندەك ئېتىپتۇ. بۆركۆت يەرگە چۈشۈپ كېتەي

دەپ قالغاندا قانىتىنى ئاستا ـ ئاستا كېرىپ، بەدىنىنى رۇسلاپ ئاستا شۇڭغۇپتۇ، ئاندىن يەڭگىل قانات قېقىپ كۆپكۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇ ئۇچقانسېرى قانىتىنى تېخىمۇ كېرىپ، ھەرىكىتى بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ھەقىقىي پەرۋاز قىلىش! كۆك ئاسمان ئۇنىڭ ھەقىقىي ماكانى! ئۇ ئۇچـ ـقانسېرى ئېگىزلەپ، بارغانسېرى يىراقلىشىپ، بارا ـ بارا كىچىككىنە بىر تال چېكىتكە ئايلىنىپ، كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بولۇپ، مەڭگۈلۈككە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پەقەت قايتىپ كەلمەپتۇ.

【تەسرات】

## ۋاز كەچكەندىلا ئاندىن گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ

ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئادەم خۇددى بۈركۈتتەك بارلىقىدىن، ئازادە، تىنچ تۇرمۇشتىن مېھرىنى ئۈزىدىغان ئىشنى خالىمايدۇ.

ئادەم بېسىمغا ئۇچرىغاندا زور يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا، بىز يامان ئەھۋاللاردىن ۋە ئوڭۇشـ ـسىزلىقتىن قورقماسلىقىمىز، پارنىكتىكى گۈل بولماسلىقـ ـمىز كېرەك. پارنىكتىكى گۈل ھەقىقەتەن بىخەتەر، ئازادە ياشايدۇ، لېكىن كىشىلىك تۇرمۇش ئۇنداق ئوڭۇشلۇق

بولمايدۇ. بىرەر ئوڭۇشسىزلىق يۈز بەرگەندە، ئاۋۋال ۋەيران بولىدىغىنى ۋە ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارىنى يوقىتىدىغىنى پارىسك ئىچىدىكى گۆل بولۇپ، دائىم تاۋلىنىپ تۇرغان ئادەم بۇ ئارقىلىق يېڭى ساھە يارىتالايدۇ، مانا بۇ ئاتالمىش ئادەمنى ئۆلەر ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپ ئاندىن خۇش قىلىشتۇر.

بىر ئادەم ھاياتىدا نەتىجە يارىتاي دەيدىكەن، چوقۇم ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنى كىشلىك ھاياتىنىڭ يار لېۋىگە ئېلىپ بېرىشنى بىلىشى كېرەك. ئۆزىنى يار لېۋىگە ئېلىپ بارغانلىق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە كۆپكۆك ئاسمان ئاتا قىلغانلىق.



# شەھەرلىك چاشقان بىلەن سەھرالىق چاشقان

سەھرالىق چاشقان بىلەن شەھەرلىك چاشقان دوست بولۇشۇپ، بېرىش-كېلىش قىلىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى سەھرالىق چاشقان شەھەرلىك چاشقاننى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، ئۆزى ئۆستۈرگەن ئەنجۈر، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرنى يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. شەھەرلىك چاشقان سەھرالىق چاشقاننىڭ ناھايىتى نامرات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— سەن بۇيەردە خۇددى چۈمۈلىدەك تۇرمۇش كەچۈرگىلى تۇرۇپسەن. لېكىن مېنىڭ ئۆيۈمدە بۇنداق نەرسىلەر ناھايىتى مولچىلىق، مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كەتكىن، مېنىڭ ئۆيۈمدە چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ ئېسىل تائاملاردىن ھۇزۇر ئالالايمىز، — دەپتۇ. سەھرالىق چاشقان شۇ ھامان ماقۇل بولۇپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى سەھرالىق چاشقان شەھەرلىك چاشقاننىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. سەھرالىق چاشقان ئۆيدە ھېچ نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئىچى سىقىلىپتۇ. بۇ چاغدا شەھەرلىك چاشقان:

— ماڭە، مەن سېنى بىر يەرگە باشلاپ باراي، ئۇ يەردە قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ كېلەيلى، — دېگەچ سەھرا-

لىق چاشقاننى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئامبار ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. سەھرالىق چاشقان ئامبار ئىچىدە سەي-كۆكتات، بېلىق گۆشى، پىرەنىك، بولكا...... دېگەندەك نەرسە-لەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپتۇ. سەھرالىق چاشقان:

— باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى سورىمايلا يېسەك بولار-مۇ؟ — دەپتۇ. شەھەرلىك چاشقان مەردانىلىك بىلەن:

— ھېچقىسى يوق، تارتىنماي يەۋەرگىن، مەن دائىم بۇ يەرگە كېلىپ تۇرىمەن، — دەپتۇ. ئۇلار نەرسىلەرنى تازا يەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز غوجىدار ئايال كىرىپ قېلىپ، چاش-قانلارنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئۇرۇشقا باشلاپتۇ، شەھەرلىك چاشقان سەھرالىق چاشقاننى باشلاپ ئۇۋىسىغا كىرىۋاپتۇ. سەھرالىق چاشقان:

— نېمىدېگەن خەتەرلىك، — دەپتۇ.

ئەتىسى كېيىن سەھرالىق چاشقان شەھەرلىك چاش-قانغا:

— بۇرادەر، بۇ نېمەتلىرىڭدىن يەنىلا ئۆزۈڭ ھۇزۇر-لانغىن، بۇنداق يۈرەكئالدى بولۇپ ياشاشقا مەن چىدى-يالمىغۇدەكمەن، يەنىلا يېزىدىكى نامرات ھەم ئەركىن-ئازادە تۇرمۇش ياخشىكەن، — دەپتۇ.

**【تەسرات】**

## تۇرمۇشتىن قانداق بەھرە ئېلىش كېرەك

شەھەرلىك چاشقان بىلەن سەھرالىق چاشقانىڭ

ھەر ئىككىسى تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىدۇ. شەھەرلىك چاشقاننىڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقىنى پەقەت ماددىي جەھەتتىكى تۇرمۇش، ئۇ ھەر كۈنى چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ ئەمگەك قىلمايدۇ، لېكىن يۈرەكئالدى بولۇپ ئەنسىز ياشايدۇ؛ ئەكسىچە سەھرالىق چاشقان مەنىۋى جەھەتتىكى تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىدۇ، گەرچە ماددىي جەھەتتىن ئازراق نامرات بولسىمۇ، ياخشى يېمەكلىكلەرنى يېيەلمەي، يەردىن چىققان مېۋىلەرنى يېسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەر كۈنى ئەركىن - ئازادە، خۇشال ھەم خاتىرجەم ياشايدۇ.

شەھەرلىك چاشقان گەرچە بەزى چاغلاردا چوڭ يەپ، چوڭ ئىچسىمۇ، لېكىن بۇ نەرسىلەر ئۆزىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەس، شۇ سەۋەبلىك كۆڭلى ھامان تەشۋىشلىنىدۇ، ھەمىشە باشقىلارنىڭ بايقاپ قېلىشىدىن، ئۇرۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. كۆرۈنۈشتە مەردانىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قورقۇنچاق، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ تۇرۇپمۇ كۆڭلىدە ھامان دۈشمەنگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بۇنداق ھودۇقۇش بىلەن قانداقمۇ ئازادە يېيەلىسۇن، ياخشى بەھرە ئالالىسۇن؟

ئەكسىچە، سەھرالىق چاشقان گەرچە نامرات بولسىمۇ، لېكىن سەممىي، ئىشچان، يەۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ نەرسىلىرى، شۇڭا ھۇزۇرلىنىپ يېيەلەيدۇ؛ ئۇ ئاق كۆڭۈل، ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ، ئوغرىلىقچە باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە ئېرىشىشنى خالىمايدۇ؛ ئۇ تەمە قىلمايدۇ، شۇڭا ماددىي تۇرمۇشنىڭ قايمۇقتۇرۇ-

شىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ ئېرىش-
كەن ماددىي تۇرمۇشتىن بەھرە ئېلىشتىن ۋاز كېچىپ،
ئەركىن - ئازادە ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشنىڭ تەمىنى
تېتىپ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

بۇ مەسەل شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كۆڭۈللۈك
تۇرمۇشنى ھەرگىزمۇ گۈزەل ئەخلاقتىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايدۇ. ئىشچان، ئاق كۆڭۈل، گۈزەل قەلب بولسىلا،
ئاندىن ھەقىقىي، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشنى تېتىغىلى،
تۇرمۇشتىن بەھرىلەنگىلى بولىدۇ.



# ئىمپېراتور ۋە مايور

ئىمپېراتور ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر زۇلقەرنەيىن) ئاتقا مىنىپ رۇسىيىنىڭ غەربىي قىسمىغا سەپەرگە چىقىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر يېزىدىكى كىچىك ئۆتەڭگە كېلىپ، خەلقنىڭ ھال- ئەھۋالىنى چۈشىنىپ بېقىش ئۈچۈن پىيادە ئايلىنىشنى قارار قىپتۇ. ئۇ ئاددىي پۇقراچە كىيىنىپ، بىر ئاچا يول ئاغزىغا كەلگەندە، ئۆتەڭگە قايتىدىغان يولنى پەرق ئېتەلمەي قاپتۇ.

ئالېكساندىر تۇساتتىن بىر ھەربىينىڭ بىر مېھمانساراي ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئاغىنە، ئۆتەڭگە قايتىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويغان بولساڭ،— دەپتۇ.

ھېلىقى ھەربىي يوغان بىر غاڭزىنى چىشلەپ تۇرۇپ، بېشىنى بۇراپ بۇ ئاددىي كىيىنگەن يولۇچىغا سەپسېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، غادىيىپ تۇرۇپ:

— ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭسەن، — دەپتۇ.

— رەھمەت،— دەپتۇ ئىمپېراتور، ئارقىدىن يەنە، — ئۆتەڭگە يەنە قانچىلىك ماڭسام يېتىپ بارىمەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— بىر ئىنگلىز مىلى،— دەپتۇ ھېلىقى ھەربىي يۇقىرى ئاۋازدا، ھەم بىرنى ئالىيىپ قويۇپتۇ.

ئىمپېراتور كەينىگە بۇرۇلۇپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا يەنە توختاپ قاپتۇ، قايتىپ كېلىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— كەچۈر، سەندىن يەنە بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟ ئەگەر ئېيتىپ بېرىشنى خالىساڭ، سېنىڭ ھەربىي ئۇنۋانىڭ نېمە؟— دەپ سوراپتۇ.

ھەربىي تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېتىپ:

— قېنى تېپىپ باقامسەن؟— دەپتۇ. ئىمپېراتور قىزىقارلىق قىلىپ:

— لېيتېنانت؟— دەپتۇ. ھېلىقى بەڭگى كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، مەنستىمىگەندەك قاراپتۇ.

— ستارشىي لېيتېنانت؟

بەڭگى كۆرەڭلىك بىلەن:

— يەنىمۇ يۇقىرىراق،— دەپتۇ.

— ئۇنداقتا مايور ئىكەنسەن- دە.

— توغرا،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ غادىيىپ تۇرۇپ.

ئىمپېراتور ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپتۇ. مايور قايرىلىپ خۇددى قول ئاستىدىكىلەرگە سۆز قىلغان ئېىسىل قىياپەتتە تۇرۇپ:

— كۆڭلۈڭگە ئالمساڭ، سېنىڭ ئۇنۋانىڭ نېمە؟— دەپ سوراپتۇ.

ئىمپېراتور كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قېنى تېپىپ باقمامسەن؟— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— لىيتېنانت؟— ئىمپېراتور بېشىنى چايقاپ تۇ-رۇپ، — ياق، — دەپتۇ.
— ستارشىي لىيتېنانت؟
— ئۇنداقمۇ ئەمەس.
مايور يېقىن كېلىپ ئوبدان قارىغاندىن كېيىن:
— ئۇنداقتا سەنمۇ مايور ئىكەنسەن-دە؟— دەپتۇ.
ئىمپېراتور بوشقىنە:
— داۋاملىق تېپىپ باق!— دەپتۇ.
مايور غاگزىسىنى ئېلىپ، ھاگۇيقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ تولىمۇ ھۆرمەت بىلەن بوش قىلىپ:
— ئۇنداقتا سىز مىنىستىر ياكى بولمىسا گېنېرال؟— دەپتۇ.
— ئاز قالدىڭ، — دەپتۇ ئىمپېراتور.
— ئا...... ئالىيلىرى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە مارشالى ئىكەن-دە؟— دەپتۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ. ئىمپېراتور:
— مايور ئەپەندى، يەنىمۇ ئوبدان ئويلاپ باق؟— دەپتۇ.
— پادىشاھ ئالىيلىرى!— مايورنىڭ قولىدىكى غاگزا يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، دەرھال ئىمپېراتور ئالدىدا تىز-لىنىپ، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي، — ئالىيلىرى، ماڭا رەھىم قىلسىلا، ماڭا رەھىم قىلسىلا!— دەپتۇ.
— قايسى گۇناھىڭغا ساڭا رەھىم قىلىمەن؟ ئاغىنە، — ئىمپېراتور كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن ماڭا زىيان يەتكۈز-

مىدىڭ، يول سورىسام كۆرسىتىپ قويدۇڭ خالاس، مەن تېخى ساڭا رەھمەت ئېيتسام بولىدۇ،— دەپتۇ.

【تەسىرات】

## دۇنيادىكى ئەڭ كەڭ نەرسە كۆڭۈل

«ئىمپېراتور ۋە مايور» ناملىق بۇ ھېكايىدىكى ئالېكساندىر ئىمپېراتورنىڭ ئالىيجانابلىقىدىن باشقىلارغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشتەك ئادەم بولۇش پەلسەپىسىنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇش، خىزمەتلەردە بىز ئەلئاغىنە ۋە خىزمەتداشلىرىمىز بىلەن تۈرلۈك مۇناسىۋەتتە بولىمىز، بۇ جەرياندا ئۇنداق ياكى مۇنداق زىددىيەتلەردىن خالىي بولالمايمىز، بۇ خىل ئەھۋالدا قانداق پوزىتسىيەدە بولۇش كېرەك؟ دوستلار ئارا ئەڭ ياخشىسى «ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش» قان تۈزۈك.

«كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش» بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەخلاقىي ئەنئەنە بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگىچە ۋارىسلىق قىلىنىپ ۋە جارى قىلدۇرۇلۇپ كېلىنىۋاتىدۇ. ئەخلاقلىق ئادەم باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا، ئۇلارغا ياخشى غەمخورلۇق قىلىپ، ھۆرمەتلەپ كەلگەچكە، ئۇمۇ باشقىلارنىڭ

غەمخورلۇق قىلىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ دېگەنلىك «باشقىلارنى سۆيىدىغانلار باشقىلارنىڭمۇ سۆيۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ، باشقىلارنى ھۆرمەتلىگەنلەرنى باشقىلارمۇ ھۆرمەتلەيدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

بىر ئادەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا باشقىلارنىڭ ھۆرمەتـسىزلىكىگە ئۇچرىسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ، ئۆزىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بارمۇ-يوق دېگەننى ئويلاپ كۆرۈشى كېرەك. ئەگەر ئۆزىنىڭ خاتا قىلغان تەرەپلىرى بولسا، قەتئىي ئۆزگەرتىش كېرەك. ئەگەر قىلغانلىرى خاتا بولمىسا بۇنداق ئادەملەر بىلەن تالاش-تارتىش قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق.

ئالاقىدە ھەر ۋاقىت «باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلاش» تەك ئىدىيە بىلەن باشقىلارنى چۈشىنىش، باشقىلارغا كۆيۈنۈش كېرەك.

باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزىنى مىسال قىلىش، باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىشنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارغا تېخىمۇ ياخشى كۆڭۈل بۆلۈشنى مەقسەت قىلىش كېرەك. قىيىنچىلىققا ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ۋاقتىڭىزدا، ھەمىشە باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئويلايسىز، شۇڭا باشقىلار قىيىنچىلىققا ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ۋاقىتتا، سىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارغا ياردەم بېرىشىڭىز كېرەك. ھەمىشە باشقىلاردىن «ماڭا كۆ-ڭۈل بۆلمىدى» دەپ ئاغرىنىدىغان ھەم باشقىلارغا كۆڭۈل

بۆلۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ كىشىلىك مۇنا-
سىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ.
«باشقىلارغا كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش»
كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.
ئالىيجاناب پەزىلەت ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن
زىددىيەتلەرنى پەسەيتىپ، دوستلۇق ھېسسىياتىنى كۈ-
چەيتىپ، ئىشلىرىمىزنى يۈكسەلدۈرىدۇ.



# ئەڭ مۇھىمى چىن كۆڭۈل

سائەت جىرىڭلىدى، يەنە بىر يەكشەنبە سەھەرنى كۈتۈۋالدى. بىرۋەن ئەسلىدە تازا بىر ئۇخلىۋالماقچىدى، بىراق كۈچلۈك بىر مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ چېركاۋغا بېرىشقا مەجبۇر قىلدى.

بىرۋەن ئورنىدىن تۇرۇپ، رەتلىك كىيىنىپ ئالدىراش چېركاۋغا ماڭدى.

مۇراسىم ئەمدىلا باشلانغان بولۇپ، بىرۋەن چەتتىكى بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. پوپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. بىرۋەن ئەمدىلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كۆزىنى يۇمۇشىغا، يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئەپەندىنىڭ ئايىغى ئۇنىڭ ئايىغىغا تېگىپ كەتتى.

بىرۋەن بۇ ئادەمنىڭ ئۇ تەرىپىدە شۇنچە ئورۇن تۇرسا، بىزنىڭ ئايىغىمىز يەنە نېمىشقا تېگىشىپ كېتىدۇ؟ دەپ ئويلاپ، يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ قويدى. بۇ ئىش ئۇنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويغانىدى، بىراق ئۇ ئادەم ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇراتتى.

پوپ «بىزنىڭ ئاتا......» دەپ تىلاۋەتنى ئەمدىلا باشلىشىغا، بىرۋەن يەنە ئويلاشقا باشلىدى: بۇ ئادەم تولىمۇ ئاكىسىز ئىكەن، ئايىغى ھەم مەينەت، ھەم كونا، تېخى قونجىسىدا بىر تۆشۈكمۇ بار ئىكەن.

پوپ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى.

— بەخت تىلىگىنىڭىزگە رەھمەت، — دېدى ياندا ئولتۇرغان ئەپەندى ئاستاغىنە.

— ئامىن! — بىروۋن پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ تىلاۋەت قىلدى، بىراق زېھنى چېچىلىپ يەنىلا ھېلىقى ئاياغنى ئويلاشقا باشلىدى: «ئەجەبا بىز چېركاۋغا ئەڭ ياخشى قىياپىتىمىز بىلەن كىرىشىمىز كېرەكتىمغۇ؟».

ئۇ ھېلىقى ئەپەندىنىڭ ئايىغىغا يەنە بىر قارىۋەتتى.

تىلاۋەت ئاخىرلىشىپ مەدھىيە ناخشىسى ئېيتىلدى، ياندا ئولتۇرغان ئەپەندى پەخىرلەنگەن ھالدا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، يەنە تېخى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قوللىرىنى كۆتۈرۈپمۇ قوياتتى. بىروۋن ئىگەم ئۈستىمىزدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ئاۋازىنى چوقۇم ئاڭلىيالايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئاتىغانلىرىنى سۇنىدىغان ۋاقىتتا بىروۋن سىپايىلىق بىلەن پۇل تاشلىدى. ئۇياق بولسا قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ بىرھازا ئاختۇرغاندىن كېيىن، بىرنەچچە تال تەڭگىنى چىقىرىپ پەتنۇسقا تاراڭشىتىپ تاشلىدى.

پوپنىڭ تىلاۋەت سۆزى بىروۋنغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى، ياندا ئولتۇرغان ئەپەندىگىمۇ ئوخشاشلا تەسىر قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، چۈنكى بىروۋن ئۇنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرگەنىدى.

مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۆپچىلىك بۇرۇن-قىدەكلا يېڭى كەلگەن دوستلارنى كۈتۈۋېلىشتى. بىروۋندا يېنىدا ئولتۇرغان ئەپەندى بىلەن تونۇشۇش ئىستىكى قوزغىلىپ، ئۆرۈلۈپلا ئۇ ئەپەندىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

ئۇ ياشىنىپ قالغان بىر نىگىر بولۇپ، چاچلىرى ياخپىيىپ كەتكەنىدى، بىرووۋن ئۇنىڭ چىركاۋغا كەلـ-ـگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇ تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزلىرى ياش ھالدا ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— ئىسمىم چارلى، سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا بەكلا خوشالمەن، دوستۇم،— دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ،— مەن بۇ يەرگە كېلىۋاتقىلى بىرنەچچە ئاي بولـ-ـدى. سىز بىرىنچى بولۇپ ماڭا سالام قىلغان ئادەم. باشلارنىڭ كۆزىگە سىغمايدىغاندەك كۆرۈنگىنىم بىلەن، لېكىن ئەڭ ياخشى قىياپەتتە بۇ يەرگە كېلىشكە تىرىشىـ-ـمەن. يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىم ئايىغىمنى پاكىز سۈرتۈپ مايلاش. مەن ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلگۈچە ئايىغىم ھەم مەينەت، ھەم كونا بولۇپ كېتىدۇ،— دېدى ئۇ. برووۋننىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى.

ئۇ برووۋندىن قايتا ئەپۇ سوراپ:

— مەن سىزگە ناھايىتى يېقىن ئولتۇرۇۋالدىم. سىز ئولتۇرغىنىڭىزدا سىزگە سالام قىلىشىم كېرەك ئىدى، بىراق مەن ئايىغىمىزنى تېگىشتۈرۈپ قويساق بەلكىم كۆڭلىمىزدە بىلىشەرمىز دەپ ئويلىغانىدىم،— دېدى.

برووۋن مۇۋاپىق سۆز تاپالمىغاندەك، بىرئاز جىمجىت ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— توغرا، ئايىغىڭىز مېنى تەسىرلەندۈردى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سىز ماڭا بىر كىشىگە ئۇنىڭ سىرتقى

قىياپىتى ئەمەس، بەلكى كۆڭلىنىڭ ئەڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈپ قويدىڭىز،ــ دېدى.
بىرووۋن گېپىنىڭ يېرىمىنى دېمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بۇ ئەپەندى قانداقمۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن. بىرووۋن بۇ كىشىنىڭ مەيىنەت ھەم يىرتىق ئايىغىنىڭ ئۆزىنى بۇنداق چوڭقۇر ئويغا سالغانلىقىغا كۆڭلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن رەھمەت ئېيتتى.

【تەسىرات】

## مۇھىمى قەلبى گۈزەل بولۇش

بىرووۋن يېنىدا ئولتۇرغان ئەپەندىنىڭ سۆزىدىن ئويغا چۆمىدۇ، ئۇنىڭ «مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئەڭ مۇھىمى بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى، سىرتقى قىياپىتى ئەمەس» دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆزى قارشى تەرەپكە، ئۆزىگە ياكى ئوقۇرمەنلەرگە ئېيتىلغاندەك قىلاتتى.
ھېكايىنى جۈڭگولۇقلارنىڭ «تېشىغا قاراپ مۇئامىلە قىلماسلىق» ، يەنى «قەلبى (ئىچى) گۈزەل بولسا ئاندىن گۈزەل ھېسابلىنىدۇ» دېگەن قەدىمىي ھېكمەتلىك سۆزى ئارقىلىق ئىخچاملاشقا بولىدۇ.
سىرتقى قىياپەتنىڭ كۆركەم بولۇش- بولماسلىقى ھەرگىزمۇ بىر ئادەمنىڭ خۇلق- مىجەزى ۋە خاراكتېرىنى بەلگىلەپ بېرەلمەيدۇ؛ چىرايىمۇ گۈزەل، خۇلق- مىجەزىمۇ گۈزەل بولغان ئادەم گۈزەل ھېسابلىنىدۇ؛ تۇرقى سەت، خۇلق- مىجەزىمۇ ئوسال ئادەملەر سەت

ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىنىڭ ئىنسانلارنى يارىتىشىدا قىياپىتى گۈزەل ئەر- ئاياللارنىڭ خۇلق- مىجەزىمۇ چوقۇم ياخشى بولىدۇ، قىياپىتى سەتلەرنىڭ خۇلق- مىجەزىمۇ چوقۇم ئوسال بولىدۇ، دەيدىغان قائىدە يوق.

ئەگەر قىياپىتىڭىز گۈزەل بولسا، ئىسمىڭىزدە بولۇنكى، ئۇ مەلۇم ۋاقىت سىزگە بەخت ئېلىپ كەلسىمۇ، لېكىن ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقتىڭىزدا، چىرايىڭىزنىڭ سىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى ناتايىن. شۇڭا، سىز ئۆزىڭىزدە ھەقىقىي گۈزەل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. جېنىڭىزنى ئالقىنىڭىزغا ئېلىپ قويۇپ ئادەم قۇتقۇزغىنىڭىزدا، ئۇ ئادەم ھەرگىز سىزنىڭ چىرايلىق- سەتلىكىڭىزگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىنى قۇتقۇزغان ئادەمنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ، خالاس. ئۇنداقتا سىز ئاشۇ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئادەم قۇتقۇزىدىغانلاردىن بولالامسىز؟

چىرايلىق ياكى سەت بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، بۇ ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھاياتىڭىزنىڭ گۈزەل بولۇش- بولماسلىقىنى بەلگىلىمەيدۇ. كىشىلىك ھاياتتىكى گۈزەللىك سىزنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭىز ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى گۈزەل پەزىلىتىڭىز ۋە گۈزەل قەلبىڭىز ئارقىلىق يارىتىلىدۇ.

# قايتا ئۇچرىشىش ۋە ۋىدالىشىش

بۇ ۋېيېتنام ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەن بىر جەڭچىنىڭ ھېكايىسى. ئۇ سان فرانسىسكودىن ئاتا- ئانىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇلارغا:

— دادا، ئانا مەن قايتىپ كەلدىم، بىراق مەن بىر دوستۇمنى ئاپارماقچى،— دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ! بىز ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمىز،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇلار. بىراق، ئوغلى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بەزى ئىشلارنى سىلەرگە ئالدىن دەپ قويمىسام بولمايدۇ، ئۇ ۋېيېتنام ئۇرۇشىدا ئېغىر يارىلىنىپ، بىر قولى ۋە بىر پۇتىدىن ئايرىلغان، ھازىر ئۇ ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالدى، مەن ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىپ بىز بىلەن بىرگە تۇرسۇن دەپ ئويلىغانىدىم،— دەپتۇ.

— بالام، تولىمۇ ئەپسۇس، بىز ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بىر جاي تېپىپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن، بەلكىم ئۆزۈڭنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭنى بىلمىسەڭ كېرەك، ئۇنىڭدەك مېيىپ ئادەم بىزگە يۈك بولىدۇ، بىز يەنە ياشىمساق بولمايدۇ. مېنىڭچە سەن قايتىپ كېلىۋەرگىن، ئۇ چوقۇم ئۆزىگە ياخشى بىر ماكان تاپالايدۇ،— دەپتۇ دادىسى. بۇ ۋاقىتتا ئوغلى تېلېفوننى قويۇۋېتىپتۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ خەۋىرى

بولماپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارغا سان فرانسىسكو ساقچى ئىدارىسىدىن تېلېفون كېلىپ، ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. ساقچى تەرەپ بۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش دېلوسى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ. ئاتا - ئانا ئازابلانغان ھالدا سان فرانسىسكوغا بېرىپتۇ ھەم ساقچى تەرەپنىڭ يول باشلىشى بىلەن جەسەت قويۇش ئۆيىگە كىرىپتۇ.

بۇ دەرۋەقە ئوغلىنىڭ جەسىتى ئىدى، بىراق ئۇلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغىنى ئوغلىنىڭ پەقەت بىر قولى ۋە بىر پۇتىلا بار ئىدى.

【تەسىرات】

## سوغۇققان بولۇپ ئۆزگىگە ئىمكانىيەت قالدۇرۇڭ

ھېكايىدىكى ئاتا - ئانا كۆپلىگەن ئادەملەرگە ئوخشاش قىياپىتى كېلىشكەن ياكى گەپ - سۆزى جايىدا ئادەملەرنى ياقتۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە قولايسىزلىق كەلتۈرىدىغان ۋە ساقسىز ئادەملەرنى ياقتۇرۇشى ناھايىتى تەس. بىز ھەمىشە ساغلاملىق، گۈزەللىك ياكى ئەقىل جەھەتتىن بىزگە يېتەلمەيدىغان ئادەملەر بىلەن ئارىلىق ساقلاپ ياشاشنى خالايمىز.

يەنىلا تەگرىگە شۈكرى، بەزى ئادەملەر بىزگە

ئۇنداق رەھىمسىزلىك قىلمايدۇ. ئۇلار بىزنى ياخشى كۆ-
رىدۇ، مەيلى بىز قانچە يامان بولايلى، ئۇلار بىزنى
ھامان قوبۇل قىلىدۇ. بۈگۈن كېچە سىز ئۇخلاشتىن
بۇرۇن تەگرىدىن سىزگە كۈچ ئاتا قىلىپ باشقىلارنى
قوبۇل قىلىشقا، مەيلى ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر، تەگرىدىن بىزنىڭ ئۇلارنى چۈشى-
نىشىمىزگە ياردەم بېرىشىنى تىلەڭ.

ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىگە بىرخىل سىرلىق نەرسە،
يەنى «دوستلۇق» يوشۇرۇنغان بولۇپ، سىز ئۇنىڭ قان-
داق، قايسى ۋاقىتتا پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز،
لېكىن ئۇنىڭ بىزگە ئالاھىدە سوۋغات ئېلىپ كېلىدى-
غانلىقىنى بىلىمىز.

بەلكىم دوستلۇقنىڭ تەگرى بىزگە ئاتا قىلغان ئەڭ
قىممەتلىك سوۋغات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىڭىز مۇمكىن.
دوست خۇددى كەمدىن- كەم ئۇچرايدىغان بىباھا گۆ-
ھەرگە ئوخشايدۇ. ئۇلار خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ، بىزنى
غەلىبە قازىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ ئۇلار يۈرەك سۆزىمىزنى
كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ، بىز بىلەن بىرلىكتە گۈزەل
مەدھىيەلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلب دەرۋازىسى
بىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئوچۇق، ھازىرلا دوستىڭىزغا ئۆزى-
ڭىزنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك موھتاجلىقىڭىزنى ئېيتىڭ.



# سىز چىچىلغاقمۇ؟

قەدىمكى شىزاڭدا ئەيدىبا ئىسىملىك بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ھەر قېتىم باشقىلار بىلەن تالاش-تارتىش قىلىپ ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا دەرھال ئۆيىگە قايتىپ ئۆيىنىڭ ئەتراپى ۋە ئېتىز باشلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن يۈگۈرۈپ ئايلىنىپ چىقىدىكەن، ئاندىن ئېتىز بېشىدا ئولتۇرۇپ دېمىنى ئالىدىكەن. ئەيدىبا ناھايىتى ئىشچان ۋە تىرىشچان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيى بارغانسېرى يوغىناپ، زېمىنى بارغانسېرى كېڭەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئاچچىقلىنىپ قالسىلا، مەيلى ئۆيى ۋە يەرلىرىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىدىكەن. ئەيدىبا نېمىشقا ھەر قېتىم ئاچچىقلانسىلا ئۆيى ۋە يەرلىرىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىدىغاندۇ؟

ئۇنى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىپتۇ، ئەمما قانداقلا سورىمىسۇن ئەيدىبا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرمەپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئەيدىبامۇ ياشىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۆي-زېمىنى ناھايىتى كېڭىيىپتۇ، ئۇ ئاچچىقلانغان ۋاقتىدا ھاسىسىغا تايىنىپ ئۆيى ۋە يەرلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىققان ۋاقىتلاردا، كۈن ئالللىبۇرۇن كەچ بولۇپ كېتى-

ـدىكەن. ئەيدىبا ئۆزى يالغۇز ئىتىز بېشىدا ھاسىراپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ نەۋرىسى يېنىپ تۇرۇپ:

— بوۋا، يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، سىز نېمىشقا ئاچچىقلانسىڭىز ئېتىز بېشىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

ئەيدىبا نەۋرىسىنىڭ تەلپىنى قايتۇرالماي، قەلبىدە ئۇزاق يىل ساقلىنىپ كەلگەن سىرنى ئاخىر ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— ياش ۋاقتىمدا باشقىلار بىلەن گەپ تالىشىپ ئاچـ‐ـچىقلىنىپ قالسام ئۆي ۋە يەرلىرىمنى ئۈچ قېتىم يۈگۈرۈپ ئايلىنىپ چىقاتتىم. چۈنكى، مېنىڭ ئۆيۈم شۇنچە كىچىك، يەرلىرىم شۇنچە ئاز تۇرۇپ يەنە باشقىلارغا ئاچچىقلىنىشقا نەدە ۋاقتىم، قايسى سالاھىيىتىم بار ئىدى دېگەننى يۈـ‐ـگۈرگەچ ئويلايتتىم، ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاچـ‐ـچىقىممۇ يېنىپ قالاتتى، شۇڭا مەن بارلىق ۋاقتىمنى تىرىشىپ خىزمەت قىلىشقا قاراتقانىدىم،— دەپتۇ.

— بوۋا، ھازىر ياشىنىپ قالدىڭىز ھەم ئەڭ باي ئادەمگە ئايلاندىڭىز، يەنە نېمىشقا ئۆي‐ زېمىنلىرىڭىزنى ئايلىنىسىز؟— دەپ سوراپتۇ نەۋرىسى.

ئەيدىبا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەن ھازىرمۇ ئاچچىقلىنىمەن، ئاچچىقلانغان ۋاقتىمدا ئۆي‐ زېمىنىمنى ئۈچ قېتىمدىن ئايلىنىمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئۆيلىرىم شۇنچە چوڭ، يەرلىرىم شۇنچە كۆپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا باشقىلار بىلەن تالاش‐ تار‐ تىش قىلىپ يۈرىمەن دېگەنلەرنى ماڭغاچ ئويلايمەن،

بۇنى ئويلاپلا ئاچچىقىمۇ يېنىپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

【تەسرات】

## ئىللىقلىقىڭىزنى يوقاتماڭ

ئاچچىقلانغاندا ئەقلىنى يوقىتىپ توغرا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. نورمال ھالەتنى ساقلىسىڭىز، چوقۇم بۇ ئىللىقلىقتىن ناھايىتى كۆپ مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيسىز.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق ئۇۋالچىلىق ئالدىدا چۈشكۈن بولۇش كەتمەيدىكەن، ئەكسىچە جەڭگىۋارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، چوقۇم بىر ئىشتا غەلىبە قازىنىش ئىستىكىنى ئۇرغۇتۇش كېرەككەن.

بىردەملىك ئۇۋالچىلىققا چىدىغاندىلا ئاندىن ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ.

ئادەم بولۇشتا، چېكىنىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەش پرىنسىپىنى چۈشىنىش كېرەك. چۈنكى، چېكىنىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەش سىزنىڭ ئۇتۇق قازىنىش قەدىمىڭىزنى تېزلىتىپلا قالماستىن يەنە سىزگە ئىلھام بېرىدۇ. ئادەم چىداش قىيىن بولغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە جۈرئەت ۋە ئىرادە بولۇشى، ياش-ئۆسمۈرلەردە كەڭچىلىك ۋە يول قويۇشتەك ئادەت ۋە ئىستىل بولۇش بىلەن بىرگە، بىر ئىشتا ئۇتۇق قازانغۇچىدا باشقىلارغا ئۈلگە بولغۇدەك سالاپەت بولۇشى تېخىمۇ مۇھىم. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ خاراكتېرىدە بۇ خىل ئادەت

ۋە ئىستىل كەم بولسا بولمايدۇ، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ھالقىلىق پەيتتە ئۆز ماھارىتىنى نامايان قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغىلى، بىرەر ئىشتا ئۇتۇق قازانغىلى بولىدۇ.

مويسىپىت ئەيدىبا ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئويلاپ كۆرۈڭ، بەلكىم سىز ئاچچىقىڭىزنى يېڭىدىغان باشقا ئامالنى تاپالىشىڭىز مۇمكىن.



# شۇېرغاندا تۇرۇش

ئۇ كۈنى شۇېرغان قۇترىغانىدى، سىرتتىن ياۋايى هايۋانلار غالجىرلارچە هۇۋلىغاندەك سادالار ئاڭلىناتتى.
كۆپچىلىك توڭۇپ كەتكەچكە، كىتاب ئوقۇشقا هېچبىر ئامالى يوق ئىدى.
بۇرنى قىزىرىپ كەتكەن بىرۇئېس مۇئەللىم بىلەن سىنىپقا تەڭلا كىرگەن سوغۇق شامال تامدىكى «دۇنيا خەرىتىسى» نىڭ بىر تەرىپىنى ساڭگىلىتىپ قويغانىدى.
بۇرۇنقى ئىللىق چىراي بىرۇئېس ئەپەندى بۈگۈن باشقىچە بولۇپ قالغان بولۇپ، چىرايىدىكى كەسكىن، تەمكىنلىكى ۋە شەپقەتسىزلىكى سىرتتىكى جۇدۇندىن قېلىشمايتتى.
قالايمىقانچىلىققا تولغان سىنىپ جىمىپلا قالدى، ساۋاقداشلار ئەجەبلەنگەن هالدا بىرۇئېس ئەپەندىگە قاراپ ئولتۇرۇشتى.
— ساۋاقداشلار كىتابىڭلارنى قويۇپ مەيدانغا چىقىڭلار، — نەچچە ئون جۈپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلدى، — بىز مەيدانغا چىقىپ بەش مىنۇت تۇرىمىز، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.
ئۇ «بۇ دەرسنى ئۆتمەيمەن، مېنىڭ دەرسىمگە ئەمدى قاتناشقۇچى بولماڭلار» دېگەن بولسىمۇ، بىر-

قانچە قىز- ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار سىنىپتىن چىقمىدى.
مەيدان مەكتەپنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە بولۇپ، شىمال تەرىپىدە كەڭ كەتكەن كۆكتاتلىق، ئۇنىڭ نېرىسىدا بىر كۆلچەك بار ئىدى. ئۇ كۈنى مەيدان، كۆكتاتلىق ۋە كۆلچەك قاردا بىر تۇتاش بولۇپ كەتكەنىدى.
پاكارلاپ كەتكەن ۋاسكېتبول جازىسىدىن بىر خىل ئاۋاز چىقاتتى، قار ئۇچقۇنىدا كۆزنى ئېچىش قىيىن ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى يۈزگە تىغدەك سانجىلاتتى.
ساۋاقداشلار سىنىپنىڭ لەمپىسى ئاستىغا قىستىلى-شىپ، مەيدانغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.
برۇئېس ئەپەندى ھېچ نەرسە دېمەي، ساۋاقداشلارغا قاراپ تىك تۇردى، ئاندىن پاختىلىق چاپىنىنى ۋە پوپاي-كىسىنى سالدى. برۇئېس ئەپەندى چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا دانىمۇدانە قىلىپ تۇرۇپ ساۋاقداشلارغا:
— مەيدانغا چىقىپ قاتار بولۇڭلار،— دەپ كوماندا قىلدى.
ھېچكىم قارشى چىقالمىدى، ساۋاقداشلار ياۋاشلىق بىلەن مەيدانغا چىقىپ ئۈزۈنىسىغا ئۈچ قاتار بولۇپ تىزىلدى.
ۋىجىك كەلگەن برۇئېس ئەپەندى پەقەت بىرقۇر كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ناھايىتى ئورۇق كۆرۈنەتتى.
ساۋاقداشلار تەرتىپ بويىچە تىزىلدى.
بەش مىنۇت توشقاندىن كېيىن برۇئېس ئەپەندى:
— تارقىلىڭلار،— دەپ كوماندا بەردى.
سىنىپقا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن برۇئېس ئەپەندى

«سىنىپتىكى ۋاقتىمىزدا ئۆزىمىزنى ئۇنداق قاتتىق شۇر-غانغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىمىز، ئەمە-لىيەتتە سىلەرنى يېرىم سائەت تۇرۇڭلار، يېلىك كىيىنىپ تۇرۇڭلار دېسىمۇ تۇرالايسىلەر. قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، كۆپلىگەن ئادەملەر ئىشنى چوڭايتىۋالىدۇ، بىراق قىيىن-چىلىق بىلەن تىركەشكەندە، ئىشلارنىڭ ئۇنچە قىيىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز......» دەپتۇ.

ساۋاقداشلار ئۆزلىرىنىڭ سىنىپقا سولىنىپ ئولتۇرمى-غانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولۇشۇپتۇ، ھېلىقى كەڭ كەتكەن مەيداندا شۇرغاندا تۇرغان ۋاقتىتا ئۇلار كىشىلىك ھاياتتىكى مۇھىم بىر سائەتلىك دەرسنى ئۆگىنىۋاپتۇ.

【تەسىرات】

## قەيسەر خاراكتېر يېتىلدۈرۈڭ

ساۋاقداشلار شۇرغانلىق مەيداندا كىشىلىك ھايات-تىكى مۇھىم بىر سائەتلىك دەرسنى ئاڭلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىللىق ماكان بىلەن شۇرغاندا ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ.

بىتخوۋېننىڭ تەنھا، ئازابلىق ھاياتى ۋە ھاياتنى قىزغىن سۆيۈشى دۇنياغا «ئازابتىن خۇشاللىققا ئېرىشىش» تىن ئىبارەت بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆزنى قالدۇردى. ئۇ ئىلگىرى سانسىزلىغان ئادەملەرنى قوزغىتىش ۋە ئۆز بەختى-سىزلىكى ئۈستىدىن كۆرەش ئېلىپ بېرىشقا ئىلھام-

لاندۇرغان.

بەزىلەر مۇھەببەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئوقۇشسىز قالىدۇ، كېسەل بولۇپ قالىدۇ ياكى خىزمەتتە ئوڭۇشسىزلىقتا، مەغلۇبىيەتكە ۋەياكى تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلاردا زەربىگە ئۇچرىغاندا بەل قويۇۋېتىپ، روھىي جەھەتتىن ھالاك بولۇپ. ئىنتايىن بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ، بۇنىڭدىكى بىردىنبىر سەۋەب كۈچلۈك قەيسەر خاراكتېرنىڭ كەملىكىدە.

ھېچكىم تۇغما قەيسەر ئەمەس ھەم ھېچكىم قەيسەر خاراكتېرنى يېتىلدۈرەلمەي قالمايدۇ. بىز كۈچلۈكلەرنى ئىلاھلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز، ئۆزىمىزنى پولاتتەك كۈچلۈك بولالمايمىز دېمەسلىكىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئاددىي بىر ئادەمدە بولىدىغان ئىككىلىنىش، ئالاقزادىلىك، ئەنسىرەش، ئېغىش، ئۈمىدسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك قەيسەر ئادەملەردىمۇ بولىدۇ. گالىلېي ئىرادىسىدىن ياناماقچى بولغان، كوپېرنىك تەۋرىنىپ قالغان، نىكولاي ئوستروۋسكىي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان، بىراق بۇنىڭ بىلەنلا ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قەيسەر ئىرادىسىنى ھەرگىزمۇ يوققا چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. قەيسەر خاراكتېر ۋە ئاجىز خاراكتېر ئوتتۇرىسىدا ھەرگىز ھاڭ يوق، قەيسەر ئادەمنىڭمۇ ئاجىز تەرىپى بولىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يېڭەلەيدۇ، خالاس.

# هاياتي كۆچنى ئۇرغۇتۇش

# مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش

بىر بۇلاقچى بانكا بۇلاۋاتقانىدا سىزىلىپ قىلىپ ساقچىلار قورشىۋاپتۇ. بۇلاقچى دەرھال ئادەملەر توپى ئىچىدىن بىر ئادەمنى تارتىپ چىقىپ تۇتقۇن قىلىۋاپتۇ ۋە تاپانچىنى تۇتقۇنىنىڭ بېشىغا تەڭلەپ، ساقچىلارغا «يېقىنلاشماڭلار» دەپ تەھدىت سېپتۇ. ساقچىلار تار-قىلىپتۇ، بۇلاقچى تۇتقۇننى ئېلىپ مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىپتۇ. توساتتىن تۇتقۇن قاتتىق ۋارقىراپ كېتىپتۇ، بۇلاقچى ۋارقىرىماسلىققا بۇيرۇق قىپتۇ، لېكىن تۇتقۇن بارغانسېرى قاتتىق ۋارقىراپ ناله قىلىشقا باشلاپتۇ.

بۇلاقچى ئالاقزادىلىك ئىچىدە تۇتقۇننىڭ بىر ھا-مىلىدار ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ ئازابلىق ئاۋازى ۋە قورقۇنچ تېپىپ تۇرغان چىرايىدىن ھازىرلا تۇغۇۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئايالنىڭ كۆڭلىكى قىپقىزىل قانغا بويالغان بولۇپ، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى.

بىر تەرەپتە رەھىمسىز تۇرمە، يەنە بىر تەرەپتە بۇ دۇنياغا كۆز ئاچماقچى بولغان كىچىك جان. بۇلاقچى ئىككىلىنىپ قاپتۇ، ئىككىسىدىن بىرىنى تاللاشقا توغرا كېلەتتى، لېكىن مەيلى قايسىسنى تاللىمىسۇن، ھەم-مىسى شۇنچە قىيىن ئىدى. ئەتراپتىكى ئادەملەر،

شۇنداقلا ساقچىلار بۇلاڭچىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ تۇراتتى، چۈنكى بۇلاڭچىنىڭ نۆۋەتتىكى تاللىشى بىر مەيدان ۋىجدان، ئەخلاق ۋە پۇل، جىنايەت ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئىدى.

بۇلاڭچى ئاخىر تاپانچىنى يەرگە تاشلاپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ. ساقچىلار يۈگۈرۈپ بېرىشىغا، چەتتە قاراپ تۇرغانلار ئالقىش ياڭرىتىپتۇ.

ھامىلىدار ئايال بولالماي قاپتۇ، ئەتراپتىكىلەر ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى بولۇشۇپتۇ. قولىغا كويزا سېلىنغان بۇلاڭچى توساتتىنلا:

«تۇرۇپ تۇرساڭلار، مەن دوختۇر!» دەپتۇ. ساقچىلار ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندا، بۇلاڭچى يەنە: «ھامىلىدار ئايال دوختۇرخانىغا بارغۇچە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ھەرۋاقىت ھاياتىغا خەۋپ يېتىش ئېھتىمالى بار، ماڭا ئىشىنىڭلار!» دەپتۇ. ساقچىلار ئاخىر بۇلاڭچىنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېلىۋېتىپتۇ.

بىر ياڭراق يىغا ئاۋازى ئەتراپتىكىلەرنى ھاياجانغا ساپتۇ، ئۇلار خۇشاللىقىدىن بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپتۇ. بۇلاڭچىنىڭ قولى قىپقىزىل قان بىلەن بويالغان بولۇپ، بۇ قان جىنايەت قېنى بولماستىن، ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بىر جاننىڭ قېنى ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا كەسپىتىكى رازىمەنلىك تۇيغۇسى ۋە كۈلۈمسىرەش ئەكس ئېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ جىنايەتچىلىكىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ.

ساقچىلار ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىۋاتقاندا، ئۇ:

«مېنىڭ دوختۇرلۇق بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىمغا يول قويغىنىڭلارغا رەھمەت. بۇ كىچىك جان مەن دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيانقى تاپانچام ئاستىدا تۇغۇلغان تۇنجى بوۋاق، ئۇنىڭ جاسارىتى مېنى بويسۇندۇردى. ھازىر ئۆزۈمنىڭ بالاڭچى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى قۇتقۇزىدىغان دوختۇر بولۇپ قېلىشىمنى بەكلا ئارزۇ قىلىمەن» دەپتۇ.

【تەسرات】

## مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغاندىلا يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قوزغاتقىلى بولىدۇ

قانداق كۈچ بىر بالاڭچىنى ئۆزگەرتتى؟ ئىنچىكە ئويلاپ باقساق، بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ كۈچى.

مەسئۇلىيەت تەگرى روھقا ئاتا قىلغان بۇرچ، ئۇ قېنىمىزدا تىنىمسىز ئېقىپ تۇرىدۇ...... بىر جىنايەتچىنىڭ ئەخلاق- پەزىلىتى مەسئۇلىيەت ئالدىدا ساپ ھۆرمەتكە ئايلىنىدۇ. ھېكايىدىكى دوختۇر خىزمەت مەسئۇلىيىتى تۈرتكىسىدە «تىرىلىش»نى تاللايدۇ. مانا بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ كۈچىدۇر.

مەيلى جىنايەت ياكى ئېپلاسلىق بولسۇن، مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت بۇ مەۋقە ئالدىدا ھەممىسى خۇددى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى قۇرت- قوڭغۇزلاردەك قۇياش نۇرى ئاستىدا مۆكىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ.

بۇ دۇنياغا يارالغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. مەسئۇلىيىتى يوق ئادەمنىڭ ھاياتى قۇپقۇرۇق زەئىپ بولىدۇ. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلىش كىشىنى باشقىلارنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتۈرىدۇ، ھاياتتىكى غەلىبە قازىنىش تۇيغۇسى ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدۇ.

ھەممە ئادەمدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولىدۇ، ھەممە ئادەم بۇرچىغا داغ تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مەسئۇلىيەت ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قوزغايدۇ، ۋىجدانىنى ئويغىتىدۇ. باشقىلارغا مەسئۇلىيەت يۈكلەش باشقىلارغا ئىشەنچ ۋە سەمىمىيلىك ئاتا قىلىشتۇر؛ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولىدىكەن، ھەر ئىشتا غەلىبە قازىنالايسىز.



# ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش

ياپونىيىلىك ئاتاقلىق دوختۇر دېتيەن خۇشيۇڭ بىر دېھقان ئوغلى ئىدى. بىر كۈنى كېچە سائەت 3 ئەتراپىدا ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق ئىنىسى توساتتىن ئاغرىپ قالدۇ، خۇشيۇڭ ئىنىسىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى، لېكىن كۆز قارىچۇقىنىڭ ئارقىغا تارتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇ دوختۇر چاقىرماقچى بولۇپ يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىدۇ. ئۇ دوختۇرنى تېپىپ ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ دوختۇر كەلگىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقا دوختۇرنى ئىزدەپ يالۋۇرىدۇ:

— ئىنىم بولالمايلا قالدى، بېرىپ كۆرۈپ باققان بولسىڭىز...... — لېكىن، ھېلىقى دوختۇر چۈشتە ئاران كەپتۇ، بۇ چاغدا ئىنىسىنىڭ تىنىقى ئاللىقاچان توختاپ بولغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خۇشيۇڭدا «كەلگۈسىدە دوختۇر بولۇپ، مەيلى قايسى ۋاقىت، قايسى جايدا باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن ھەممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالايمەن» دېگەن ئوي تۇغۇلۇپتۇ.

خۇشيۇڭ دوختۇر بولۇشنى ئويلاپتۇ، لېكىن ئۇ ئوقۇۋاتقان مەكتەپتىن تېبېبي ئىنستىتۇتقا كىرىش تولىمۇ قىيىن ئىكەن. ئۇ دەرھال مەكتەپ پۈتكۈلۈش رەسمىيىتى

بېجىرىپ، جىنگوڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تېببىي پەن فاكۇلتېتىدا ئوقۇشنى قارار قىپتۇ. جىنگوڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۇنىڭ بىلەن پاراللېل سىنىپتا 450 تىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، مۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۇ چوقۇم بىرىنچىلىكنى ياكى بولمىسا ئىككىنچىلىكنى ئالغاندىلا ئاندىن ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرەلەيتتى. ئۇ باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاشلا كۆڭلىگە بۈيۈك ئارمانلارنى پۈكۈپ، ئوساكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇش تارىخى سەۋىيەسىنى سىناش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپتۇ.

نەتىجىسى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. خۇشيۇڭ ئىمتىھاندا 161 ـ بوپتۇ، ئۇ پۇشايمان قىلىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ ـ دە، چۈنكى خۇشيۇڭ ناھايىتى تەسلىكتە دادىسىنىڭ رازىـ لىقىنى ئالغانىدى.

دادىسى پۇل يوقلۇقىنى دەپ بار كۈچى بىلەن ئۇ ـ نىڭ ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ دادىسىغا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغانىدى.

نەتىجىدە دادىسى ئامالسىز ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان يەرلەرنى سېتىپ، ئۇنى ئوقۇتۇپتۇ. دېجىداۋ پىرىستانىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، دادىسى ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا جېكىلەپ:

— ئوغۇل بالا دېگەن گېپىدە تۇرۇشى كېرەك. سەن

ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىمەن دېگەن ئىكەنـ ـسەن، چوقۇم ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن دېجىداۋغا قايتىپ كەلگىن، تەتىلدە قايتىپ كەلمە، يەنە يول كىراسى خەجلەيدىغان گەپ، بۇنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپتۇ.

دېمەك، ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، چېكىنىشكە بولمايتتى. خۇشيۇڭ: مەيلى نېمە بولۇپ كېتىشىمدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم ئىرىشىپ ئۆگىنىشىم كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. ئۇنداقتا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ دادىسى ئىلـ ـگىرى ئۇنىڭغا: «پەقەت سەن پۇتۇن كۈچۈڭ بىلەن ئىرىشساڭلا، قىلالمايدىغان ئىش يوق» دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چېكىنىش يولى قالمىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ، ئۇ خاتىرىسىنى ئېلىپ «ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىش!» دېگەن خەتنى چوڭ قىلىپ يېزىپتۇ ھەمدە ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي، ئىرىشىپ ئۆگىنىشكە بەل باغلاپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خۇشيۇڭ ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلىپ، ئاخىر غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپتۇ.

**【تەسىرات】**

## باتۇرلۇق بىلەن مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىش

ھېكايە بىزگە نەتىجە قازىنىشنى ئويلىغىنىمىزدا،

چوقـۇم «ھايـات ـ مامـاتلىق ئېلىشــشقا مەغلـۇبىيەتكە باتۇرانە يۈزلىنەلەيدىغان» روھ ھازىرلىشىمىز لازىملىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

پەقەت مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قورقماي ـ دىغان، قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان ۋە بەختسىزلىك ئىچىدە تاۋلىنىپ چىققان ئادەملەرلا ھەممىگە ئېرىشىپ ئۇتۇق قازىنالايدۇ.

ئۇتۇق قازىنىش يولىدا كىشىلەر ھەر ۋاقىت كەسىپتە مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىققا، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق ۋە بەختسىزلىككە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتا كۆڭۈلسىز ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىرى ئاز. ئوڭۇشسىزلىقلىرى كۆپرەك بولىدۇ، غەلىبە سانىسىزلىغان مەغلۇبىيەت بەدى ـ لىگە كېلىدۇ. غەلىبە قازىنىش داۋامىدا، مەغلۇبىيەتكە توغرا يۈزلىنىش كېرەك. ئۈمىدۋارلىق ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن ھالقىش ئۆزىنى كەمستىشنى يېڭىش ۋە ئالغا ئىلگى ـ رىلەش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش ـ تۇرغۇزالماسلىقتىكى مۇھىم ئۆتكەل. مەسىلەن، ئامېرىكىلىق بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى مۇنداق دېگەن: «مۇۋەپپەقىيەتكە تۇتى ـ شىدىغان يول سىزنىڭ مەغلۇبىيەت قېتىم سانىڭىزنى بىر ھەسسە كۆپەيتكىنىڭىزگە باراۋەر كېلىدۇ». لېكىن، مەغلۇبىيەت ئادەمگە نىسبەتەن «مەنپىي غىدىقلاش» رولىنى ئويناپدىغان بولۇپ، ئادەملەردە قايغۇرۇش، ئۈمىدسىزلىنىش، ئۆزىنى كەمستىش روھىي ھالەتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

مەغلۇبىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوڭۇشسىزلىق تۈيغۇسىنى يېڭىشتە، ئۆز «بايلىق» لىرىنى قېزىپ پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھازىرقى جەمئىيەت بۇ جەھەتتىكى تەرەق-قىيات پۇرسەتلىرىنى خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيتكەن بولۇپ، سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىسىڭىزلا، چوقۇم ھەممىگە ئېرىشەلەيسىز. گەرچە بەزىدە شەخس «مۇھىت» نىڭ «ئورۇنلاشتۇ-رۇش» لىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولمىسىمۇ، لېكىن ھېچ كىشى سىزدىن «ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش» ھو-قۇقىنى تارتىۋالالمايدۇ.

ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن بىر «ساۋاق» ئالسىڭىز، ھەربىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى قىلسىڭىز، ئۇنداقتا پاسسىپ-لىقنى ئاكتىپچانلىققا، ئۆزىنى كەمسىتىشنى ئىشەنچكە ئايلاندۇرالايسىز. ھازىرقى زامان ئادىمى بولۇش سۈ-پىتىڭىز بىلەن، مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىش روھىي ھالىتىدە تۇرۇشىڭىز كېرەك. دۇنيا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇر-سىتىگە، مەغلۇبىيەت خېيىم- خەتىرىگە تولغان، شۇڭا كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئاۋارىگەر-چىلىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈ-رۈپ، ئۆزىنى تەڭشەپ، جەمئىيەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەت قا-زىنىشنىڭ ئانىسى دېگەنگە قەتئىي ئىشىنىش كېرەك.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى ئەگرى-توقاي

بولىدۇ، بەزىلەر ئازاب ۋە بەختسىزلىكنى چېكىنىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالىدۇ، يەنە بەزىلەر ئازاب ۋە بەختسىزلىك ئىچىدىن قايتا ھاياتلىق يولى ئىزدەيدۇ. پەقەت باتۇرلۇق بىلەن بەختسىزلىككە يۈزلىنىپ ئازابنى يەڭگەندە، ياشلىق جاسارىتى ۋە ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەقىل ئارقىلىق بەختسىزلىكنى يېڭىپ، قەتئىي ئىرادە ئارقىلىق مەغلۇبىيەتكە تاقابىل تۇرغاندا، ئاندىن ئۆز تەقدىرىنىڭ ھەقىقىي خوجىسىغا ئايلىنالايدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەغلۇبىيەت كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلارنى سىنايدۇ، كۈچلۈكلەر مەغلۇپ بولغانسېرى غەيرەتكە كېلىدۇ، ئاجىزلار بولسا بىر يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىناي دېسىڭىز، چوقۇم مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىشىڭىز، سانسىز قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئالدىدا تىك تۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن بارلىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىشىڭىز كېرەك.



# جىك دۇمبىقى چېلىش

ناپولېئون ھەققىدىكى ئەسەرلەردە ئىلگىرى مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلەنگەن:

بۇ مارىمگو جېڭىنىڭ ئالدىنقى كۈنى بولۇپ، ناپولېئون بارگاھتا ئالدىغا يېيىۋالغان ئىتالىيە خەرىتىسىگە قاراپ قېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تۆت تال مىخنى ئالدىدىكى خەرىتىگە قاداپ، بىرتەرەپتىن مىخلارنى يۆتكىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىناتتى.

بىرئازدىن كېيىن ئۇ ئۆز-ئۆزىگە:

— ھازىر ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم، مەن مۇشۇ يەردە ئۇنى تۇتىمەن!— دەپتۇ.

— كىمنــى تۇتماقچـى؟— يانـدىكـى بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭدىن سوراپتۇ.

ناپولېئون قولىدا مارىمگونى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاۋسترىيەلىك قېرى تۈلكە موراچ ژېنوۋادىن قايتاشىدا تۇرىندىن ئۆتۈپ ئالېكساندىرىيەگە ھۇجۇم قىلىدۇ. مەن پېرسىيە دەرياسىدىن ئۆتۈپ سىربىيە تۈزلەڭلىكىدە ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىمەن،— دەپتۇ.

لېكىن، مارىمگو جېڭى باشلانغاندىن كېيىن فرانسىيە ئارمىيەسى دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە ئۇچراپ، بەرداشلىق بېرەلمەي قاپتۇ. ناپولېئوننىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان تەدبىرلىرى كۆپۈككە

ئايلىنىشقا باشلاپتۇ.

فىرانسىيە ئارمىيەسى چېكىنىۋاتقان پەيتتە، ناپو- لېئوننىڭ قول ئاستىدىكى گېنېرال دېيىسىن ئاتلىق ئەسكەرلەرنى باشلاپ دالىدىن ئۆتۈپ، ناپولېئون تۇرغان تاغ باغرىغا يېقىن يەردە توختاپتۇ. قوشۇندا بىر كىچىك دۇمباقچى بولۇپ، ئۇ دېيىسىن پارىژ كوچىلىرىدىن تېپىۋالغان سەرگەردان بالا ئىدى، ئۇ مىسىر ۋە ئاۋستىرىيە جېڭىدىمۇ باشتىن- ئاخىر فىرانسىيە ئارمىيەسى ئۈچۈن جەڭ قىلغانىدى.

قوشۇن توختىغاندىن كېيىن، ناپولېئون كىچىك دۇمباقچىغا قاراپ:

— چېكىنىش دومبىقى چال،— دەپ ۋارقىراپتۇ. لېكىن، بۇ بالا قاراپلا تۇرۇپتۇ.

— ھەي شۇمتەك، چېكىنىش دومبىقى چال! تېزدىن چېكىنىش دومبىقى چال!— دەپتۇ ناپولېئون.

بالا ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ، يۇقىرى ئاۋازدا:

— ھۆرمەتلىك جانابلىرى، مەن چېكىنىش دۇمبىقىنى قانداق چېلىشنى بىلمەيمەن، دېيىسىن ماڭا ئەزەلدىن ئۆ- گەتمىگەن. لېكىن، جەڭ (يۈرۈش) دۇمبىقى چېلىشنى بىلىمەن، شۇنداق، مەن ھەربىي يۈرۈش دۇمبىقى چالسام ئۆلۈكمۇ تىرىلىپ رەتكە تىزىلىدۇ. مەن ئېھرامدا، تايبىر دەرياسىدا، رومىنىيە كۆۋرۈكىدە دۇمباق چالغان. ھۆرمەت- لىك جانابلىرى، مەن بۇ يەردە يەنە ھەربىي يۈرۈش قىلىش دۇمبىقى چالامدىمەن؟— دەپتۇ.

ناپولېئون ئامالسىز قېلىپ دېيىسىنغا قاراپ:

— بىز يېڭىلدۇق، قانداق قىلساق بولار؟— دەپتۇ.

— قانداق قىلاتتۇق، ئۇلارنى يېڭىمىز-دە! غەلىبە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ھازىرمۇ ئۇلگۇرەلەيمىز. كەل دۇم-باقچى، تايىبىر دەرياسى، رومىنىيە كۆۋرۇكىدە چالغىنىڭغا ئوخشاش چالغىن!— دەپتۇ دىبىسىن.

قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، قوشۇن دىبىسىننىڭ شەمشىرى بىلەن كىچىك دۇمباقچىنىڭ كۈچلۈك دۇمباق ئاۋازىغا ئەگىشىپ، ئاۋستىرىيە ئارمىيىسىگە قاراپ ئىلگى-رىلەپتۇ، ئۇلار قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتىن قورقماي، دۈشمەنلەرنى ئارقىغا چېكىندۈرۈپتۇ. دىبىسىن دۈشمەن ئارمىيەسىنىڭ بىرىنچى ئوقىدا يېقىلىپتۇ، لېكىن قوشۇن بۇنىڭلىق بىلەن تەۋرەپ قالماپتۇ. توپ ئوقى بېسىق-قاندىن كېيىن، كىشىلەر ھېلىقى سەرگەردان بالىنىڭ قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئاۋۋالقىدەكلا جۇشقۇن ھەربىي يۈرۈش قىلىش دۇمبىقى چېلىپ ئالغا ئىلگىرىلە-ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئۆلۈكلەر ۋە يارىدارلاردىن، قورغان ۋە ئاكوپلاردىن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ قەدىمى يەنىلا شۇنداق پۇختا، دۇمباق ئاۋازى ئاۋۋالقىدەكلا ياڭراق بولۇپ، قەيسىرانە روھى بىلەن غەلىبە يولىنى ئېچىپتۇ.

【تەسرات】

## باتۇرلۇق بىلەن تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلىش

بەلكىم بۇ كىچىك سەرگەردان ئۆزىنىڭ مەۋ-جۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالغان بولۇشى مۇمكىن،

لېكىن قىيىنچىلىق ئالدىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالماي قالمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇنچاقلىق ۋە ئاجىزلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرمەيدۇ. مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلەپ، قىلچىمۇ چېكىن-مەستىن، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇنىڭ باتۇرلۇقىدا بولغان ئەڭ زور جاۋابىدىن ئىبارەت ئىدى.

مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ھېكايە بار.

بىر كۈنى بىر كۈچلۈك، ئېگىز ئوقۇغۇچى بىر يېڭى ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ. ھېلىقى يېڭى ئوقۇغۇچى ئەمدىلا كەل-گەن بولۇپ، «ئىشنىڭ تەپسىلاتى» نى بىلمەي، ئېگىز بوي ئوقۇغۇچىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىپتۇ. ئېگىز بوي ئوقۇغۇچى يۈزىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ، باش-كۆز-لىرىگە ئۇرۇپتۇ، ھەم:

— ھۇ شۇمتەك، تېخى كۆزۈڭنى ئېچىپ قوياي دەپ-تىكەنمەن، ئەمدى ئوبدانراق ئەدەپلەپ قويسام بولغۇ-دەك!— دەپ تىللاپ كېتىپتۇ. يېڭى ئوقۇغۇچى تاياق يېسىمۇ ئۇنىڭغا يالۋۇرماپتۇ.

شۇ چاغدا ئەتراپقا نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار توپلى-شىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا سوغۇق نەزىرى بىلەن قارىسا، بەزىلىرى كۈلكە - چاقچاق قىلى-شىپتۇ ياكى كېتىپ قېلىشىپتۇ، لېكىن قارىماققا ناھايىتى

ئاجىز بىر ئوقۇغۇچى ئاجىزلارنى ئانىي تېپىۋاتقان بۇ كۆرۈ-
نۈشنى كۆرۈپ، ئاخىر چىداپ بولالماي:
— سەن ئۇنى يەنە بىرنەچچىنى ئۇرۇۋېتىپ ئاندىن
بولدى قىلىدىغان ئوخشىماسەن؟— دەپ ۋارقىراپتۇ.
ئېگىز بوي ئوقۇغۇچى ھەم ياڭراق، ھەم زىل ئاۋاز
چىققان تەرەپكە قاراپ، ئۇنىڭ ۋىجىككىنە يېڭى كەلگەن
ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:
— ھۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئەبلەخ، بۇنى سو-
راپ نېمە قىلاتتىڭ؟— دەپ تىللاپتۇ.
ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ ھېچبىر
تەپتارتماستىن:
— ئۇرساڭ ئۇرە، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن قالغان تايى-
قىڭنى يېيىشكە رازى،— دەپتۇ.
ئېگىز بوي ئوقۇغۇچى بۇ كۈتۈلمىگەن جاۋابنى ئاڭلاپ
ئۇيالغىنىدىن توختاپ قاپتۇ.
باشقىلار قورقۇپ قاچقان ياكى تاماشا كۆرۈۋاتقان ۋا-
قىتتا، بىرنىڭ رەھىمدىللىك، سۆيگۈ ھەم ئاشۇ مۇزلىغان
قەلبلەرنى ئويغىتىش ۋە لەرزىگە سېلىش ئۈچۈن باتۇرلۇق
بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.
ئادەم ئۆمرىدە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زەربىگە ئۇچ-
رىشىمۇ، رەھىمسىزلەرچە ئازابقا دۇچار بولۇشىمۇ، ھېس-
سىياتتا زور دەرىجىدە چەكلىنىپ ئۇچرىشىمۇ مۇمكىن،
لېكىن بىز يەنىلا ھالاك بولمايمىز. پەقەت قورقمىساقلا
ئاخىرىدا يەنىلا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتىشۋالالايمىز
ھەم جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقالايمىز.

# يۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك

بىركۈنى سىگىر. فارونىلىنىڭ سارىيىدا ھەشەمەتلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇپتۇ، خوجايىن ناھايىتى كۆپ مېھمان چاقىرىپتۇ. زىياپەت باشلىنىش ئالدىدا، داستىخانغا تىزىلىدىغان يېمەكلىكلەرگە مەسئۇل خادىم ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزى لايىھەلىگەن يېمەكلىكلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ غوجىدار ناھايىتى جىددىيلىشىپتۇ.

بۇ چاغدا سىگىر . فارونىل سارىيىنىڭ ئاشخانىسىدا قارا ئىش قىلىدىغان بىر مالاي غوجىدارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تارتىنىپ تۇرۇپ:

— مەن باشقىچە بىر خىل تەمدىكى يېمەكلىكنى سىناپ ياساپ باققان بولسام، — دەپتۇ.

— سەنما؟— غوجىدار ھەيران بولغىنىدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ، — بۇنچىلىك چوڭ گەپ قىلغۇدەك سەن كىم ئىدىڭ؟

— ئانتونى. كارلىۋا بولىمەن، ھەيكەلتىراش پىسارونىڭ نەۋرىسى.

— شۇمتەك، سەن راستتىنلا قىلالامسەن؟— دەپ سوراپتۇ غوجىدار بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي.

— ئەگەر سىلى مېنىڭ سىناپ بېقىشىمغا قوشۇلسىلا،

مەن بىرخىل يېمەكلىك ياساپ باقاي، — دەپتۇ بالا تەمكىنلىك بىلەن.

مالايلار بۇ ۋاقىتتا نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قاپتۇ، غوجىدار ئانتونىنىڭ سىناپ بېقىشىغا قوشۇلۇپتۇ، ئۇ بىر ياندا تۇرۇپ بالىنىڭ ھەربىر ئىش-ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپتۇ.

كىچىك مالاي قىلچىمۇ ھودۇقماستىن ئازراق سىرىقماي ئەكەلدۈرۈپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بۇ سىرىقماي ئۇنىڭ قولىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان چوڭ بىر شىرغا ئايلىنىپتۇ. غوجىدار بۇ كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ، ھەيران بولغىنىدىن ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ-دە، تېزدىن بۇ سىرىقمايدىن ياسالغان شىرنى تاماق ئۈستىلىگە قويدۇرۇپتۇ.

كەچكى زىياپەت باشلىنىپ، مېھمانلار كەينى-كەينىدىن تاماقخانىغا كىرىشىپتۇ. بۇ مېھمانلار ئارىسىدا ۋىنىتسىيەلىك ئەڭ داڭدار تىجارەتچىلەر، ئېسىلزادە بايۋەچچىلەر، ھاكاۋۇر ئاقسۆڭەكلەر، قۇسۇرچى كەسپىي سەنئەتكارلار بار ئىكەن. مېھمانلار تاماق ئۈستىلىدە ياتقان سىرىقمايدىن ياسالغان شىرنى كۆرۈشۈپلا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ، بۇنى بىر تۇغما تالانتلىقنىڭ ئەسىرى دېيىشىپتۇ، شىرنىڭ ئالدىدىن كەتكۈسى كەلمەپتۇ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشىپتۇ. نەتىجىدە بۇ كەچكى زىياپەت سىرىقمايدىن ياسالغان شىرغا باھا بېرىش يىغىنىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. مېھمانلار شىرغا قاراپ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ماختىشىپتۇ، سېگىر. فارونىلدىن

قايسى ھەيكەلتىراشنىڭ ئۆز تالانتىنى مۇشۇنداق بىر ئاد-دىي نەرسە ئۈستىگە ئىسراپ قىلغانلىقىنى توختىماستىن سورىشىپتۇ. فارونىلمۇ ھەيران بولغىنىدىن دەرھال غوجىدارنى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە چاقىرىپتۇ، غوجىدار كىچىك ئانتونىنى مېھمانلار ئالدىغا باشلاپ چىقىپتۇ.

مېھمانلار كۆز ئالدىدىكى ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بۇ سېرىقمايدىن ياسالغان شىرنىڭ بىر كىچىك بالىنىڭ ئالدىراپ-تېنەپ ياسىغان ئەسىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، ھەممىسى قاتتىق ھەيران بولۇشۇپتۇ. پۇلدار خوجايىن شۇ جايدىلا بۇ كىچىك بالىغا مۇئەللىم تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ تۇغما تالانتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن پۇل چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

سېكىز. فارونىل گېپىدە تۇرۇپتۇ، ئانتونىمۇ كۆز ئالدىدىكى خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويماپتۇ، ئۇ يەنىلا شۇنداق ساددا، قىزغىن ھەم سەممىي تۇرۇپتۇ. ئۇ ھارماي-تالماي جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، پىسارو جەمەتىدىكى مۇنەۋۋەر بىر ھەيكەلتىراش بولۇشقا بەل باغلاپتۇ.

بەلكىم نۇرغۇنلىغان ئادەملەر تېخى ئانتونىنىڭ تۇنجى قېتىملىق پۇرسەتتىن قانداق پايدىلىنىپ ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاتاقلىق ھەيكەلتىراش كارلىۋانى ھەم ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئاتاقلىق ھەيكەلتىراشلارنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك.

【تەسرات】

## پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش

تۇرمۇش ئادىل، ئۇ بىزنى ھەر ۋاقىت خىيىم-خەتەرگە يولۇقتۇرۇپلا قالماستىن يەنە بىزگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. پەقەت سىز تۇرلۇك بېشارەتلەردىن تولۇق پايدىلىنالىسىڭىزلا، غەلىبىلىك ھالدا پۇرسەتنى ئىگىلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز. كىچىك ئانتونى پۇرسەتنى چىڭ تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە پۇرسەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتمايدىكەنمىز، ئۇ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە غايىب بولىدۇ، پۇرسەت كەلگەندە ماھىرلىق بىلەن بايقاپ، چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك، بۇ ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كۆپ ياخشى. ئىككىلىنىش پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىق. كەسكىنلىك بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەقدىرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى.

بۇنىڭدىن باشقا، پۇرسەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلىمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزدە تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى «تەييارلىق» دېگىنىمىز، مۇنداق مۇھىم ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىدىن، بىلىم جۇغلانمىسى. كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىم بولمايدىكەن،

پۇرسەتنى بايقاش ۋە قوغلىشىش مۇمكىن بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى تەييارلىقى. بىلىم ھازىرلاپلا پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولمىسا كەلگەن پۇرسەتنى بىلەلمەيمىز. شۇنىڭ بىلەن پۇرسەت ئاستاغىنە يېنىڭىزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. لۇبەن قولىنى قومۇش كېسۋەتكەندە، ئۇ بۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، ھەرىنى ئىجاد قىلغان؛ نيۇتون ئالمىنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىدىن ئىلھاملىنىپ، ئالەملىك تارتىش كۈچىنى بايقىغان: رېنتگېن تەجرىبە ئىشلەۋېتىپ ئايالىنىڭ قول سۆڭىكى سۈرىتىدىن رېنتگېن نۇرىنى بايقىغان. بۇ كىشىلەر ئادەتتە مول بىلىم جۇغلىغان ھەم جانلىق پىكىر يۈرگۈزۈش شەكلىنى ھازىرلىغانلار.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇڭىز بارمۇ؟ ئۇنداقتا ياخشى تەييارلىق قىلىپ، ھاياتىڭىزدىكى ھەر قېتىملىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇڭ!

# ئۆزگە تاپىنىش

ھېنرىنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ يەنە ئىككى ياشلىق بىر سىڭلىسى بار بولۇپ، ئاپىسى بۇ ئۆي ئۈچۈن كۈن بويى تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەپتۇ، بىراق تاپقان پۇلى ئۆيدىكىلەرنىڭ قورسىقىنى تويدۇرۇشقىمۇ يەتمەپتۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، ئاپىسىغا ياردەملىشىپ بۇ ئۆينى قامداشقا بەل باغلاپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئەمدى چوڭ بولغانىدى، شۇڭا بۇ ئۆي ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ چىقارمىسا بولمايتتى.

بىر كۈنى ئۇ بىر ئەپەندىگە يېتىپ كەتكەن خاتىرىسىنى تېپىشىپ بېرىپتۇ، ھېلىقى ئەپەندى رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بىر ئامېرىكا دوللىرى بېرىپتۇ.

ھېنرى بۇ بىر ئامېرىكا دوللىرىغا ئۈچ ئاياغ چوتكىسى ۋە بىر ئاياغ مېيى سېتىۋاپتۇ، تېخى بىر ياغاچ ساندۇقمۇ ياسىۋاپتۇ. ئۇ بۇ جابدۇقلارنى كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقىپتۇ، ھەر قېتىم ئۇ كوچىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغىدىكى توپا-چاڭلارنى كۆرگىنىدە، شۇ كىشىگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ئايىغىڭىز مايلىنىۋېلىشقا بولۇپ قاپتۇ، خالىسىڭىز سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسام، — دەپتۇ.

ئۇ ھەممە ئادەملەرگە مۇشۇنداق ئەدەپلىك مۇئامىلە قىپتۇ، تەلەپپۇزى شۇنچە سەممىي بولغاچقا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بىر ئىش ئۇقىدىغان ئەقىللىق بالىنىڭ ئۆز ئايىغىنى مايلاپ قويۇشىنى خالاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى ئۇ 50 سىنت تېپىپتۇ، ئۇ بۇ پۇللارغا ئازراق يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپتۇ. ئۇ ئۆيىدىكىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئاچ قالمايدىغانلىقىنى، ئاپىسىنىڭمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشاش تەرلەپ-پىشىپ ئىشلىمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، بۇنى ئۇ قىلىپ كېتەلەيتتى.

ئاپىسى ئۇنىڭ ياغاچ ساندۇقنى يۇدۇپ، يېمەكلىك ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، خۇشاللىق ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— ھېنرى، سەن راستتىنلا چوڭ بوپسەن، مەن جىقراق پۇل تېپىپ سىلەرنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرەلمىدىم، لېكىن ئىشىنىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىز چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېنرى كۈندۈزلىرى ئىشلەپ، كەچلىرى مەكتەپتە ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ تاپقان پۇللىرى ئۆزىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلەپلا قالماستىن يەنە سىڭلىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا يېتىپتۇ. ئۇ خىزمەتنىڭ يۇقىرى- تۆۋىنى يوقلۇقىنى، پەقەت ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ پۇل تېپىشنىڭ شەرەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

【تەسرات】

## قىينچىلىق ۋە توسالغۇلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىش

ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇشتا نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ھېنرىغا ئوخشاش بەختسىز شارائىتتا، ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ جاپانى يېڭىپ ياشايدۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇنلىغان ئادەملەر شارائىتتىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا باش ئېگىدۇ.

توسالغۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەس، ئەكسىچە شەپقەتچىمىز بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ «توسالغۇنى يېڭىش»تىكى تۆرلۈك ئىقتىدارىمىزنى تاۋلايدۇ. ئورمانلىقتىكى چوڭ دەرەخ بوران- چاپقۇن بىلەن نەچچە يۈز قېتىم ئېلىشمىغان بولسا، ئۇنىڭ غولىنىڭ مۇنچە مۇستەھكەم بولۇشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر تۆرلۈك توسالغۇغا ئۇچراپ تۇرمىغاندا، ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى، قابىلىيىتى تاۋلىنالمايدۇ، شۇڭا بارلىق ئازاب- ئوقۇبەت، غەم- قايغۇ، دەرد- ئەلەملەرنىڭ ھەممىسى بىزنى تاۋلايدۇ.

قورقماس ئادەم مۇھىتتىكى قىيىنچىلىق ئالدىدا بارغانسېرى غەيرەتكە كېلىدۇ، قىيىنچىلىق ئالدىدا تىترىمەيدۇ، چېكىنمەيدۇ، كۆكرىكىنى تىك تۇتۇپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، ھەرقانداق كۆلپەتلىك تەقدىر، توسالغۇلارغا كۆلۈمسىرەپ يۈزلىنىدۇ. چۈنكى، غەم- قايغۇ، ئازاب-

ئۇقۇبەت ئۇنىڭ بىرتال مويىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئىرادىسى، كۈچى ۋە خاراكتېرىنى كۈ-چەيتىدۇ ھەم ئۇنى ھەقىقىي بىر ئادەم قىلىپ چىقالايدۇ. بۇلار دۇنيادىكى ئەڭ ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان، ئەڭ ھەۋەس قىلىشقا تېگىشلىك ئادەملەردۇر. «قىيىنچىلىق ۋە تۇسالغۇ» مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ كۈچلۈكلەردىن بولۇشىغا ھەرگىزمۇ توسالغۇ بولالمايدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ ئۇلۇغ بولۇشى ئۇلار-نىڭ قىيىنچىلىق ئىچىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقى-دىندۇر.



# ھاياتلىق تالونى

بەش ئەزا بۆلۈمىگە بىرلا ۋاقىتتا بۇرنىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئىككى بىمار ياتاققا كىرىپتۇ. لابوراتورىيە نەتىجىسى چىققۇچە، «ئا» ئەپەندى «ب» ئەپەندىگە:

— ئەگەر راك كېسىلى چىقىپ قالسا دەرھال سايا-ھەتكە چىقىمەن ھەم ئەڭ ئاۋۋال لاساغا بارىمەن دەپتۇ. «ب» ئەپەندىمۇ ئوخشاش پىكىردە بولۇپتۇ.

نەتىجىسى چىقىپ «ئا» ئەپەندىنىڭ راك كېسى-لىگە، «ب» ئەپەندىنىڭ بۇرۇن مونچاق گۆش ئۆسمى-سىگە گىرىپتار بولغانلىقى مەلۇم بولۇپتۇ. «ئا» ئەپەندى پىلان جەدۋىلىدىن بىرنى تۈزۈپ، دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، «ب» ئەپەندى ياتاقتا يېتىپ داۋا-لىنىپتۇ. «ئا» ئەپەندىنىڭ پىلانى بولسا: لاسا ۋە دۇنخۇاڭغا بېرىش؛ پەنجىخۇادىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، چاڭجياڭ دەرياسى ئېغىزىغا بېرىش؛ خەينەننىڭ سەنياغا بېرىپ كوكۇس دەرىخىنىڭ مەزىرىسىدە بىر پارچە رە-سىمگە چۈشۈش؛ خاربىندا بىر قىشنى ئۆتكۈزۈش؛ دا-ليەندىن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، گۇاڭشىنىڭ بېيخەي شە-ھىرىگە بېرىش؛ تيەن ئەنمېن راۋىقىغا چىقىش؛ شې-كىسپىرنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۈگىتىش؛ بىر پارچە كىتاب يېزىش قاتارلىق 27 تۈرلۈك ئىشلارنى

قىلىش ئىكەن.

ئۇ پىلان جەدۋىلىنىڭ كەينىگە: ھاياتىمدا نۇرغۇنلىغان ئارزۇ - ئۇمىدلىرىم بار ئىدى. بەزىلىرى ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى. ھازىر تەگرىنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان كۈنلىرى كۆپ قالمىدى، بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىش ئۈچۈن، ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىلىدا قېپقالغان بۇ 27 تۈرلۈك ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچىمەن.

شۇ يىلى «ئا» ئەپەندى شىركەتتىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، لاسا ۋە دۇنخۇاڭغا بېرىپتۇ. ئىككىنچى يىلى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىرادە ۋە چىدام بىلەن چوڭلار ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ تيەن ئەنمېن راۋىقىغا چىقىپتۇ، ئىچكى موڭغۇل يايلاقلىرىغا بېرىپ، بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتىگىچە تۇرۇپتۇ. ھازىر بۇ دوستىنىڭ بىر كىتاب يېزىش غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىلا قاپتۇ.

بىر كۈنى «ب» ئەپەندى گېزىتتىن «ئا» ئەپەندى يازغان بىر پارچە نەسرنى كۆرۈپ قاپتۇ ھەم ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ ئۇنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراپتۇ.

«ئا» ئەپەندى:

— ئۆزۈمنىڭمۇ راستىنىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ئەگەر مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان بولسام، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىم قانچىلىك ئوسال ئۆتكەن بولاتتى. بۇ كېسەل مېنى ئۆزۈم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىشلارنى

قىلىشقا، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلىغان ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇمغا ئۈندىدى، ھازىر مەن نېمىنىڭ ھەقىقىي ھا-ياتلىقلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. سەنمۇ ياخشى تۇرۇۋات-قانسەن-ھە!— دەپتۇ.

«ب» ئەپەندى ھېچ نەرسە دېمەپتۇ. چۈنكى، دوختۇرخانىدىكى ۋاقتىدا لاسا ۋە دۇنخۇاڭغا بېرىشنى دېگەن بولسىمۇ، راك كېسىلىگە گىرىپتار بولمىغاچقا ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ قالغانىدى.

【تەسىرات】

## خەۋپسىرەش ئېگى تۇرغۇزۇش

ئەمەلىيەتتە، بۇ دۇنيادىكى ھەربىر ئادەم بىرخىل راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قار-شى تۇرغىلى بولمايدىغان ئۆلۈمدۇر. بىز گەرچە ھېلىقى بۇرۇن راكىغا گىرىپتار بولغۇچىدەك بولالمىساقمۇ، بىر پارچە پىلان جەدۋىلى تۈزۈپ، تۇرمۇشىمىزدىكى ئار-تۇقچە نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز، ئۆزىمىز قىلىشنى خالايدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنى ھەرگىز بۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ياشىيا-لايمەن دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك. شۇ تۈپەيلى ھايا-تىمىز ئوخشمايدۇ، يەنى بەزىلەر غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ، يەنە بەزىلەر غايىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىدۇ.

هاياتلىق پەقەت بىر ئۆتكەل، كۈنلەر، ئايلارنىڭ ھەممىسى يىللارنىڭ سەھىپىسى، يىللار كالېندارى ئۆرۈلسە، ھەممىسى مەڭگۈلۈك ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قېلىپ، بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمەيدۇ. ھاياتلىق بىز-گە ھېچقانداق ۋەدە بېرەلمەيدۇ، مۇھىمى بىزنىڭ ھەربىر كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈشىمىزدە، قانداق ئىگىلىشىمىزدە، پەقەت بۈگۈننى چىڭ تۇتالىغانلارلا مۇۋەپپەقىيەت قازان-غۇچىلاردۇر.

تۈنۈگۈن — ۋاقتى ئۆتكەن بىر تال بېلەت؛ ئەتە — تېخى نەقلەشتۈرۈلمىگەن بىر پارچە قەرەللىك چەك؛ بۈ-گۈن — ئىشلىتىشكە بولىدىغان نەق پۇل، شۇڭا بۈگۈندىن ياخشى بەھرىلىنىڭ.

# چوڭ بېلىقنىڭ دەرياغا ئاتلىنىشى

قۇرغاقچىلىق پەسلى يېتىپ كېلىپ، دەريا ئېقىنى قۇرۇپ قاغجىراشقا باشلاپتۇ.

بۇ ئافرىقا قىتئەسى بولۇپ، ئىلگىرى شىددەتلىك دەريا ئېقىنى كىچىك - كىچىك سۇ ئازگىللىرىغا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى، كۆچلۈك قۇياش نۇرىدا يېرىلىپ كەتكەن دەريا قىنى تېز سۇرئەتتە كېڭىيىۋاتاتتى، يىراقتىن شاۋقۇن ئاۋازى ئاڭلىناتتى، بېلىقلار بىر كىچىك ئېقىندىن يەنە بىر كىچىك ئېقىنغا سەكرەپ دولقۇن شاۋقۇنلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى.

كىچىكرەك بىر سۇ ئازگىلىدىكى چوڭ بىر تال بېلىق ھاسىراپ تۇرۇپ، ئارام ئېلىپ ياتقان كىچىك بىر بېلىقتىن:

— يەنە قانچىلىك قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەنە خېلى ماڭىمىز، ئۇنچىۋالا كۆچەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، دەرياغا ئالدىراپ بېرىپ بولالمايمىز، — كىچىك بېلىق كۆلچەكتە بىر پىرقىرىۋەتكەندىن كېيىن، — چوڭ دەريانىڭ غېمىنى قىلماي، مۇشۇ يەردە تۇرايلى، — دەپتۇ.

— ئۇزاققا بارماي بۇ ئازگالنىڭ سۈيىمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ يول شۇنچە يىراق

تۇرسا، سەن قانداقمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ بولىسەن؟ دەريادىن 50 قەدەمچە يىراق بولسۇن ياكى 100 قەدەمچە يىراق بولسۇن بۇنىڭ نېمە پەرقى بار، ئاقىۋىتى ئوخشاش، چۈشەندىڭمۇ؟

— دەرياغا يېتىپ بارالمىساممۇ، بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشتىم، پۇشايمىنىم يوق.

— بۇرادەر، بەدىنىڭنىڭ ساق يېرى قالماپتۇ،— دەپتۇ كىچىك بېلىق ئاسراپ كەلگەن بەدىنىنى تولغاپ قويۇپ ۋە سۇ ئازگىلىدا بەدىنىنى رۇسلاپ تۇرالمايۋاتقان چوڭ بېلىقنى زاڭلىق قىلىپ،— كېلەڭسىز بەدىنىڭ بىلەن جايىڭدا جىم تۇرماي، دەرياغا بارىمەن دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۆزۈڭنى ياش چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ بىرەر بېلىق دەرياغا بېرىپتۇ دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ سەن ئەمەس،— دەپتۇ.

كىچىك بېلىق چوڭ بېلىقنىڭ يارىسىغا تۈز سېپىپتۇ، چوڭ بېلىق كىچىك بېلىققا قاراپ:

— سىلەرنىڭ كىچىك بەدىنىڭلارغا تولىمۇ ھەۋەس قىلىمەن، بارغانسېرى تېيىزلىشىۋاتقان كىچىككىنە سۇ ئازگىلىدىمۇ ئەركىن نەپەس ئالالايسىلەر، بىراق بىز چوڭ بېلىقلار ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئالدىمىزغا قاراپ ئۈزۈشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىنى ئۆزىمىز ئاسرىشىمىز كېرەك،— دەپتۇ. چوڭ بېلىق گېپىنى قىلىپ بولۇپلا بەدىنىنى رۇسلاپ تۇرۇپ يەنە بىر سۇ ئازگىلىغا سەكرەپتۇ، ئۇنى كۆرگەن كىچىك بېلىق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. چوڭ بېلىق ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ

ناھايىتى سەتلىكىنى، قاسىراقلىرىنىڭ چۇشۇپ، قورساق-لىرىنىڭ تىتىلىپ قان چىقىپ كەتلەنلىكىنى كۆرسىمۇ، لېكىن ئۆز-ئۆزىگە: مۇشۇ پەيتتە ئالغا ئىلگىرىلەشتىن باشقا ھېچقانداق تاللاش يولۇم يوق دەپتۇ.

سۇ ئازگىلىنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى تارىيىشقا باشلاپتۇ، چوڭ بېلىق ئالدىدىكى يولنىڭ تېخىمۇ مۇشكۈل بولىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ، ئۇنىڭ سۇ ئىچىشى بارغان-سېرى تەسلىشىپ، كۆز ياشلىرى بىلەن لەۋلىرىنى ئاندا-ساندا نەمدەپ تۇرۇپتۇ. يول ياقىسى نۇرغۇن بېلىقلارنىڭ ئۆلۈكى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىدىنمۇ تىمەن كىچىك بېلىقلارمۇ بار ئىكەن.

سۇ ئازگاللىرىدا ھۇرۇنلۇق بىلەن چوڭ-چوڭ تىنىپ ياتقان ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا:

— بولدى سەكرىمىگىن، كۈچۈڭنى ئاياپ قال، بۇنىڭ پايدىسى يوق، — دەپتۇ. لېكىن، چوڭ بېلىق بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان دەريا شاۋقۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلاپتۇ. «غەيرەت قىلاي، غەيرەت قىلساملا ئۈمىد بار» دەپتۇ ئۇ ئۆزىگە.

قانچىلىك سەكرىدىكىن، چوڭ بېلىق ئاخىر دەريا دولقۇنىنى كۆرۈپتۇ، لېكىن ئۇ ئۇزاق يول يۈرگەنلىكتىن، ئازراقمۇ ئالغا ئىلگىرىلىگۈدەك مادارى قالماپتۇ، دەرياغا تۇتىشىدىغان يولدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كىچىك سۇ ئازگىلىمۇ قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، گەرچە پەقەت بىر قەدەمچىلىكلا ئارىلىق قالغان بولسىمۇ، لېكىن چوڭ بېلىق ئەمدى دەرياغا يېتىپ بارالمايدىغان بولدۇم دەپ

ئویلاپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇ شارقىرىغان سۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ، ئارقىدىنلا ئازغىنە سۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەن سۇ ئازگىلىغا ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئېقىنىدىكى سۇ ياز ئايلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۈيى ئەمەسمۇ؟! چوڭ بېلىق بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سۇ ئېقىنىنىڭ ياردىمى بىلەن بارلىق كۈچىنى يىغىپ دەرياغا سەكرەپتۇ. گەرچە بۇ سۇ ئېقىنى ھېلىقى سۇ ئازگىلىدىكى بېلىقلارنى ئازراق ئالغا ئىلگىرىلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار دەريادىن خېلىلا يىراق ئىدى. قۇرغاقچىلىق رەھىمسىز قەدەملىرى بىلەن بۇ زېمىننى ئاخىر بېسىپ كېتىپتۇ.

قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئېقىنىغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن بېلىقلارلا مۇشۇنداق پۇرسەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

**【تەسىرات】**

## مەڭگۈ باش ئەگمىگەندىلا ھاياتلىق داۋاملىشىدۇ

بۇ دۇنيادا پەقەت كۈچلۈكلەرلا ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە ئۆزى خوجا بولالايدۇ، بىرخىل مەڭگۈ ئېگىلمەس يۈكسەك جەڭگىۋار روھ ۋە ئىرادە ئارقىلىق ھېكايىدا سۆزلەنگەن چوڭ بېلىققا ئوخشاش تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كەڭ دېڭىزغا ئىنتىلگەندىلا ئەركىنلىككە

ئېرىشىپ، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

يۈكسەك جەڭگىۋارلىق دېگىنىمىز، ئۆز تەقدىرىنى قولغا ئالغىنىدا، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا بېقىنـ ـماسلىق، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتمەسلىك، يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىق، ئىشنى باشلاپ قويۇپلا بولدى قىلماسلىق ۋە قىلغان ئەجرىنى بىكارغا كەتكۈزۈۋەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. قەتئىي ئىرادە بىرخىل جەڭگىۋارلىق، بىرخىل روھتۇر.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭ قانداق ئورتاق ئالاـ ھىدىلىكى بار؟ جەڭگىۋارلىق روھى! كۆپلىگەن مۇۋەپپەـ قىيەت قازانغۇچىلاردىمۇ باشقىلارنىڭكىدەكلا نورمال ئەقىلـ پاراسەت ۋە ئىقتىدار بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردا مەـ لۇم بىر ئىشنى قىلغاندا، زور ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئېغىر خىزمەت بېسىمى ھېس قىلغاندا، باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان چىدامچانلىق ۋە ئىرادە بار. ئەگەر سىز مانا مۇشۇنداق خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدىغان بولـ ـسىڭىز، ئۇنداقتا چوقۇم مۇۋاپىق خىزمەت تاپالىشىڭىزدا گەپ يوق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، كۈچلۈكلەردىنمۇ بولالايسىز.

ھەرقانداق ئادەم غايە، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، تۈرلۈك توسالغۇلارغا ۋە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراشتىن ساقلىنالمايدۇ، بۇخىل ئەھۋالدا جەڭگىۋارلىق بولۇش ھەممىدىن ئەۋزەل، ئۇ بىرخىل ئىرادە، بىرخىل روھ. دۇنيادا ھەرقانداق بىر كۈچ جەڭگىۋارلىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ھەرقانچە ئىقتىدارلىق ياكى تالانت ئىگىسى

بولغان بىلەن جەڭگىۋار بولمىغاندا، ھېچنېمىنى بويسۇن-دۇرغىلى بولمايدۇ.

جەڭگىۋارلىق ھامان بەدەل ۋە قىممەت تەلەپ قىلىدۇ.

كۆرەش قىلىۋاتقىنىڭىزدا چىدامچان، جەڭگىۋار بول-سىڭىز، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز. قەتئىي تەۋ-رەنمەسلىك — ئۇ بىر خىل «چىدامچانلىق»، ئۇ قەيسەر ئىرادە، جەڭگىۋارلىق، ئۇ زەپەر قۇچقۇچىلار چوقۇم ھازىر-لاشقا تېگىشلىك روھ بولۇپلا قالماستىن، بارلىق ئىشلىرى-مىزدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىلمىي روھتۇر. ئۇلۇغ بىئولوگىيە ئالىمى دارۋىن مۇنداق دېگەنىدى: «مەن تا-مامىلىغان ھەرقانداق ئىلىم - پەن خىزمىتى ئۇزاق مۇددەت مۇلاھىزە قىلغىنىمدىن، چىدامچان ۋە تىرىشچان بولغان-لىقىمدىن كەلگەن».

مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلاردىن بولۇش ئۈچۈن، ئاۋۋال روھىي جەھەتتىن كۈچلۈك، قەتئىي تەۋرەنمەس، جەسۇر بولۇش كېرەك. دۇنيادا ئادەم يېڭەلمەيدىغان جاپا ۋە قىيىنچىلىق بولمايدۇ، يامان ئەھۋالدا قېلىپ، ھېچبىر ئامال قىلالمىغىنىڭىزدا، ھالسىراپ ھالىڭىزدىن كېتەي دېگەندىمۇ، سىز يەنە ئازراقلا بەرداشلىق بەر-سىڭىز، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلسىڭىز، قىيىنچى-لىقنى چوقۇم باش ئەگدۈرەلەيسىز ھەم قەيسەر بولا-لايسىز.

# ئىنز ئيۈكىس نوبېل

1864 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جىمجىتلىقتا چۆمـ ـگەن ستوكھولم شەھەر ئەتراپىدا تۇيۇقسىز قۇلاقنى يارغۇدەك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ، قويۇق ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى. بىرقانچە مىنۇت ئىچىدە بىر مەيدان ئېچىنىشلىق بالايىئاپەت يۈز بېرىدى. پارتلاش ئاۋازىدىن چۆچۈگەن كىشىلەر نەق مەيدانغا كەلگىنىدە، بۇ يەرگە جايلاشقان زاۋۇتنىڭ پۇچۇقلا قالغان بولۇپ، بىر ياندا ئوتتۇز نەچچە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ياش تۇراتتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرـ گەن ئاپەت ۋە قورقۇنچتىن ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان بولۇپ، لاغىلداپ تىترەيتتى......

ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بۇ ياش كېيىنچە نامى دۇنياغا تونۇلغان فراند. نوبېل ئىدى. نوبېل ئۆزى بىر قوللۇق قۇرغان نىتروگلىتسېرىن پارتلىتىش دورىسىنى سىناق قىلىش زاۋۇتىنىڭ مۇشۇنداقلا بىر ئەسكى ـ تۈسـ ـكىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھېچبىر ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. كىشىلەر تۆمۈر ـ تەرسەك ئىچىدىن بەش ئادەمـ ـنىڭ جەسىتىنى تاپىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆت ئادەم ئۇنىڭ يېقىن ياردەمچىلىرى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئۇنىۋېرـ ستېتتا ئوقۇۋاتقان ئىنىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ جەسىتى تونۇغۇسىز بولۇپ كىشى ئەيمىنىپ قارىيالمىغۇدەك بولۇپ

كەتكەنىدى. نوبېلنىڭ ئانىسى كىچىك ئوغلىنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بەك ئازابلىنىدۇ. ياشقا چوڭىيىپ قالغان دادىسى ئېغىر زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي مېڭىسىگە قان چۈشۈپ يېرىم پالەچ بولۇپ قالىدۇ.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ساقچىلار پارتلاش يۈز بەرگەن نەق مەيداننى پېچەتلەيدۇ ھەمدە نوبېلنىڭ قايتا زاۋۇت قۇرۇشىنى چەكلەيدۇ. كىشىلەر خۇددى ۋابا كېسەللىدىن قاچقاندەك نوبېلدىن يىراقلىششقا باشلايدۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇنداق خەتەرلىك تەجرىبە ئۈچۈن قايتا يەر ئىجارە بەرمەيدۇ. لېكىن، نوبېل قېيىنچىلىقتىن قورقۇپ قالمايدۇ، بىرقانچە كۈندىن كېيىن كىشىلەر شەھەر رايونىدىن يىراق بولغان مارئۇن دەرياسىدا چوڭ بىر چاتما كېمىنى كۆرىدۇ، چاتما كېمىگە لىق قىلىپ تۈرلۈك ئەسلىھەلەر قاچىلانغان بولۇپ، ياش بىر يىگىت پۈتۈن دىققىتى بىلەن تەجرىبە ئىشلەۋاتاتتى. شەك- شۈبھىسىزكى، ئۇ پارتلاشتا ئامان قالغان، شۇ يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن قوغلىۋېتىلگەن نوبېل ئىدى.

قەيسەر ئىرادە ئۇنى بۇ يولدا تېخىمۇ ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ. كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان تەجرىبىمۇ نوبېلنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ غايىسىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى.

تەڭرى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تىلىگىنىنى يەردە قويمىغاندەك، ئۇ ئاخىر پىستانىنى كەشىپ قىلىدۇ، پىستانىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى پارتلىتىش ئىلمىدىكى بىر تۈرلۈك زور بۆسۈش بولۇپ، ئەينى چاغدىكى نۇرغۇنلىغان

ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سانائەتلىشىش تەرەققىياتىنىڭ تېز-
لىشىشىگە ئەگىشىپ، كان ئېچىش، تۆمۈريول ياساش، يول
قېزىش، قانال كولاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە پارتلات-
قۇچ دورىنى ئىشلىتەتتى. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەر نو-
بېلغا قايتىدىن يېقىنلىشىشقا باشلايدۇ. ئۇ تەجرىبىخانىنى
چاتما كېمىدىن ستوكھولم شەھىرىگە يېقىن بىر جايغا
يۆتكەپ كېلىپ، نىتروگلىتسېرىن زاۋۇتىنى رەسمىي قۇرۇپ
چىقىدۇ. كېيىن ئۇ يەنە گېرمانىيەنىڭ ھامبۇرگ قاتارلىق
شەھەرلىرىدە پارتلاتقۇچ دورا شىركىتىنى قۇرىدۇ. ئازغىنە
ۋاقىت ئىچىدە نوبېلنىڭ پارتلىتىش دورىسىنىڭ بازىرى
چىقىپ، نوبېل چوڭ بايغا ئايلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، تۇنجى تەجرىبىدە ئۇتۇق قازانغان
نوبېل داۋاملىق بالايىئاپەت ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلايدۇ.
شۇم خەۋەر ئۇزۇلمەي تارقىلىدۇ. سان فرانسىسكودا پارت-
لاتقۇچ دورا قاچىلانغان بىر پويىز سىلكىنىپ كەتكەنلىك-
تىن پارتلاپ كەتكەن؛ گېرمانىيەدىكى بىر داڭلىق زاۋۇت
نىتروگلىتسېرىن يۆتكەۋاتقاندا سوقۇلۇپ كېتىپ پارتلاش
يۈز بېرىپ، پۈتۈن زاۋۇت ۋە ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ھەم-
مىسى كۆيۈپ كۈل بولغان؛ پانامادا نىتروگلىتسېرىن لىق
قاچىلانغان بىر يۈك پاراخوتى تىنچ ئوكياندا چايقىلىپ
كېتىپ پارتلاش كېلىپ چىقىپ، پۈتۈن پاراخوت سۇغا
چۆكۈپ كەتكەن......

كىشىنى تەشۋىشكە سالىدىغان بۇ خەۋەرلەر كىشى-
لەرنى قايتىدىن نوبېلدىن يىراقلىشىشقا مەجبۇر قىلىدۇ،
ھەتتا ئۇنى ساقايماس ۋابا ۋە ئاپەت دەپ قارايدۇ. شۇم

خەۋەرنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەر قارغايدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىپ قالىدۇ.
نوبېل يەنە بىر قېتىم كىشىلەر تەرىپىدىن تاشلىـ ۋېتىلىدۇ، ياق، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىـ ـنىدۇ. ئېغىر ئاپەت ۋە قىيىنچىلىق ئالدىدا نوبېل تەۋرىنىپ قالمايدۇ، ئۇ ئۆزىدىكى بارلىق ئىرادە ۋە جاسارەتنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ غايىسى ئۈچۈن ھەققەنىيەت يولىدىن قايتماي، مەڭگۈ بوشاشمايدۇ. كۈرەش جەريانىدا ئۇ ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ كېلىدۇ.
قەيسەر جاسارەت ۋە قەتئىي ئىرادە ئۇنىڭدىكى يو- شۇرۇن ئىقتىدارنى قوزغىتىپ، ئۇنى ئاخىر پارتلاتقۇچ دو- رىنى كەشىپ قىلىشقا ئۈندەپ، ئۆلۈمدىن قورقماس قىلىـ ـدۇ. نوبېل زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە 355 تۈر بويىچە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشىپ، بۇ زور بايلىقى بىلەن نوبېل مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ، خەلقئارا ئىلىم- پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالىي شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

【تەسرات】

## ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىشتىن قەتئىي قورقماسلىق كېرەك

تىز پۈكمەس نوبېل بىزگە جاسارەتنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىپ بەردى.
قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈ-

چۈن يۈرەكلىك، جاسارەتلىك بولۇش كېرەك، يۈرەكلىك ۋە جاسارەتلىك بولغاندىلا قورقۇنچنى يېڭەلەيسىز.

جاسارەت — قورقۇنچنى يېڭىشكە ياردەم بېرىدىغان قورال بولۇپ، سىزنى مەغلۇبىيەتتىن، يۈزىڭىزنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقماسلىققا ئۈندەيدۇ.

جاسارەت يەنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغىنىڭىزدا قورقماسلىققا، باش ئەگمەسلىككە، قىيىنچىلىققا يۈزلىنىپ، بارلىق سىناقلارنى قوبۇل قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ئەگەر ھاياتلىقنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولسا، مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇپ چېكىنگەن بولسا، شۇ پۇرسەتنى سىناپ بېقىشتىن باش تارتقان بولسا، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تەمىنى تېتىيالمىغان، ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولۇپ قالغان بولاتتى. جاسارەت بىلەن سىناپ كۆرمىگەندە شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى، ئەمما قەيسەرلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ رېئاللىقنىڭ ئازابىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ھېس قىلغاندىلا تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ، قەيسەر، كۈچلۈكلەردىن بولغىلى، مۇۋەپپەقىيەتكە بارغانسېرى يېقىنلاشقىلى بولىدۇ.

مەغلۇبىيەت! مەغلۇبىيەت! مۇۋەپپەقىيەتتىن كېيىنكىسى تېخىمۇ زور مەغلۇبىيەتتۇر! لېكىن، بۇ كەلگۈسىنىڭ تېخىمۇ، ھەقىقىي پارلاق مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

# مەڭگۈ ئالغا ئىنتىلىدىغان شىرودېر

شىرودېر 1944 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ساكسون ىستاتىدىكى بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ تۇغۇلۇپ 3 - كۈنى دادىسى رومىنىيە جېڭىدە قۇربان بولغانىكەن. ئانىسى تازىلىق ئىشچىسى بولۇپ، ئۇ ئازغىنە مائاشى بىلەن بۇ ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن.

تۇرمۇشتىكى غۇربەتچىلىكتە ئانىسى ناھايىتى كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپتۇ. بىر كۈنى قەرز ئىگىسى ئۆيگە قەرز سۈيلەپ كەلگەندە ئانىسى ئازابلىنىپ قاتتىق يىغلاپ كېتىپتۇ. كىچىك شىرودېر ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— قايغۇرماڭ ئانا، ھامان بىر كۈنى مەن ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ بىلەن سىزنى ئالغىلى كېلىمەن، — دەپتۇ. 40 يىلدىن كېيىن بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەپتۇ. شىرودېر ساكسون شىتاتىنىڭ شتات باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپتۇ، ئۇ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ بىلەن ئانىسىنى بىر چوڭ رېستورانغا ئەكېلىپ، 80 ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

شىرودېر 1950 - يىلى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. كېيىن ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرالمىغانلىقتىن، تولۇقسىزنى پۈتكۈزۈپلا بىر پارچە سېتىش دۇكىنىدا ئىشلەيدۇ.

نامراتلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان كەمسىتىش ۋە كۆزگە ئىلماسلىق ئۇنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغ-لاتقۇزىدۇ: «مەن چوقۇم مۇشۇ يەردىن باش كۆتۈرۈشۈم كېرەك». ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن پۇر-سەت كۈتىدۇ. 1962-يىلى ئۇ دۇكاندىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، كەچلىك مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا تازىلىق ئىشچىسى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىرىمى بار-غانسېرى ئېشىپ، مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ.

تۆت يىللىق كەچلىك ئوقۇشنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1966-يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كەچلىك كۇر-سىدا قانۇن ئۆگىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئۇ ئادۋوكاتلىق قىلىدۇ. 32 ياشتا ئۇ خانۋېيخور ئادۋوكاتلىق ئىش بېجىرىش ئورنىنى بىرسى بىلەن شېرىكلىشىپ ئاچىدۇ. ئۇ ئۆتمۈشىنى ئويلاپ مۇنداق دەيدۇ: ھەربىر كىشى ئاتا-ئانىسىنىڭ پۇلى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق تەربىيەگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇ قانۇننى تەتقىق قىلىش جەريانىدا سىياسىيغا قىزىقىپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ يىغىلىشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاخىر

سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيەسىگە كىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاستا-ئاستا كۆزگە كۆرۈنۈپ، بارغانسېرى ئۆسىدۇ. 1969-يىلى ئۇ كوتتىنگېر رايونىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ، 1971-يىلى سىياسىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، 1980-يىلى پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ. 1990-يىلى ئۇ ساكسون شىتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ھەمدە 1994-يىلى ۋە 1998-يىلى ئۇدا ئىككى قېتىم ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. 1998-يىل 10-ئايدا ئۇ گېرمانىيە فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلى مەھكىمىسىگە كىرىدۇ.

**【تەسرات】**

## ئالغا ئىنتىلىش روھى چەكسىز كۈچ پەيدا قىلىدۇ

قانداق كۈچ شىرودېرنى ئۆز نىشانى ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەشكە داۋاملىق ئۈندىگەن؟ ئۇ بولسىمۇ ئالغا ئىنتىلىش روھىدۇر.

ئالغا ئىنتىلىش روھى ئالەم كۈچىنىڭ ئادەم تېنىدىكى ئىپادىسى، بۇ كۈچنى ئادەتتىكى ئادەملەر ھەرگىزمۇ يارىتالمايدۇ. بۇنداق كۈچكە ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن قانائەتلىنىش ئۈچۈن، بىز راھەتتىن ۋاز كېچىشكە، ھەتتاكى ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىشقا رازى بولىمىز. بۇنداق ئىلھامغا ھەممىمىزنىڭ موھتاج ئىكەنلىكىمىزنى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى تۈۋرۈك

ئىكەنلىكىنى ھەربىر كىشى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

بىردە بىردىنلا بۇنداق ئۇلۇغۋار كۆچنىڭ يېتەكلىگۈچىسى ۋە تۈرتكىسى بارلىقىنى ھېس قىلغىنىمىزدا، بىز چوڭ بولغان، پىشىپ يېتىلگەن بولىمىز. ئالغا ئىنتىلىش روھىدىن كەلگەن بۇخىل كۈچ تېنىمىزدە مەۋجۇت بولغان بولىدۇ، ئۇ ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، مۇكەممەل تۇرمۇشنى قوغلىشىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. بىراق، بىز بۇ كۈچكە سەل قاراپ، ئۇنىڭ يېتەكلىشىنى ئانچە قوبۇل قىلمىساق، بىزنىڭ ھېچقانداق تىلغا ئالغۇچىلىكىمىز قالمايدۇ ھەم ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمايمىز، ھەتتا بۇخىل ئالغا ئىلگىرىلەش روھى، بۇخىل تەڭداشسىز كۈچ يوقىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ناچار ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالىدىغان بولساق، ئالغا باسالماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن.

قانداقتۇر بىر سىرلىق كۈچ ھامان بىزنى تېخىمۇ ئالىي غايىنى قوغلىشىشقا مەجبۇر قىلىپ تۇرىدۇ. ئىنسان تەرەققىياتى خۇددى ئېقىپ تۈگىمەيدىغان بىر دەرياغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭدەك بىزنىڭ ئالغا ئىنتىلىش ئارزۇيىمىزمۇ مەڭگۈ قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. ئالغا ئىنتىلىش ئارزۇسىدىن ئىبارەت بۇ ئىچكى كۈچ بىزنى مەڭگۈ جىم تۇرغۇزمايدۇ، ئۇ بىزنى تېخىمۇ گۈزەل بولغان ئەتە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بىزنىڭ بۈگۈن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىشى مۇمكىن، لېكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ بۈگۈنكى ۋە تۈنۈگۈنكى ئورنىمىزنىڭ ئوخشاشلىقىنى، بۇنىڭدىن

مەڭگۈ قانائەت ھاسىل قىلمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز. ئەگەر ئۆز ئىزىمىزدا توختاپ قالماقچى بولساقمۇ، قۇلاق تۈۋىمىزدە يەنىلا شۇ سادا — تېخىمۇ يۈكسەك نىشان ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىرىدىغان سادا ياڭرايدۇ.

ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئىلھاملاندۇرۇپ، باشتىن-ئاخىر تېخىمۇ يۈكسەك نىشانغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت بۇخىل ئادەتنى يېتىلدۈرگەندە، ئۆزىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ناچار ئادەتلەر بارا-بارا يوقىلىدۇ. ئالغا ئىلگىرىلەش روھىمىز ھامان ئۆزىمىزنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بىرخىل ئۇلۇغۋار كۈچكە ئايلىنىپ، ھاياتىمىزنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئىتىبارەن ئاشۇ ناچار ئادەتلەر ئۆسۈپ يېتىلىدىغان مۇھىت ۋە تۇپراق مەڭگۈ يوقىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەت دائىم ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەربىيەلەشكە ئېرىشكەن ئەخلاق-پەزىلەتلا ئاندىن داۋاملىق تەرەققىي قىلالايدۇ. شۇڭا، بۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى تۈپتىن يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۇپراقنى يوقىتىشتىن ئىبارەت.

ئەگەر تېنىمىز ۋە روھىيىتىمىز يېتەرلىك كۈتۈنۈش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئېرىشەلمىسە، ئۇنداقتا ئاشۇ ياخشى ئىللەتلەرنى يېتىلدۈرەلمەيمىز-دە، ناچار ئىللەت، ناچار خاھىشلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايمىز. ئۆزىمىزدە ھازىرلىغان ئاشۇ ئاجىزغىنە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى

بولسىلا، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆستۈرۈپ ۋە ئاسـ
ـرىساقلا، ئۇ خۇددى جەننەتتە ئۆسكەن دەرەختەك
ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، ياخشى مېۋە بېرەلەيدۇ.

ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ياشلىرىمىزغا بېرىدىغان تەكلىپىمىز شۇكى، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغاندا دەسلەپىدە چوقۇم قەتئىي ئىرادە ۋە ئېنىق نىشان بولۇشتىن باشقا يەنە رېئاللىققا يۈزلىنىش، ھەرگىزمۇ ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەسلىك كېرەك.

# ئەزرائىلنى رەت قىلىش

1967 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ سۇغا سەكرەش تەنھەرىكەتچىسى جېنىي ئالېكس بىر قېتىملىق سۇغا سەكرەشتە ئېغىر يارىلىنىپ، بويىندىن باشقا پۈتۈن بەدىنى پالەچ بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپ زادىلا ئۇخلىيالمايدۇ ۋە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاشۇ قېتىملىق پاجىئەنى ئۇنتۇيالمايدۇ. سەكرەش تاختىسى نېمىشقا سىلىق بولۇپ قالغان؟ نېمىشقا دەل ئاشۇ ۋاقىتتا سەكرەيمەن؟ مەيلى ئۆيىدىكىلەر ياكى يېقىن دوستلىرى بولسۇن، قانچە تەسەللى بەرسىمۇ، ئۇ كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيدۇ. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن سۇ كۆلچىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆپكۆك سۇغا ۋە سۇغا سەكرەش پەشتىقىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئاشۇ ئاپئاق سۇغا سەكرەش پەشتىقىغا چىقىپ، كۆپكۆك سۇلاردىن بۇژغۇنلار چاچرىتىپ سەكرىيەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ سۇغا سەكرەش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئۇ ئىلگىرى ئۈمىدسىزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر

ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىپ ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ۋە قىمـ-
-مىتىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاشقا باشلايدۇ.

ئۇ بۇرۇنقى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ، بىردىن- بىردىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ گەرچە ئىككى كۆزى ساق بولسىمۇ، كىتاب ئوقۇشى ناھايىتى تەسكە توختايتتى، ئۇ ئاغرىقتا كىچىك تاياقچىنى چىشلەپ تۇرۇپ بەت ئۆرۈيتتى، ھار-غىنلىق، ئاغرىق ئازابى ئۇنى چارچاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىرئاز ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئوقۇشنى دا-ۋاملاشتۇراتتى. كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق ئۇ: مەن بىر مېيىپ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر مېيىپ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، باشقا يول تېپىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يازغۇچى بولۇپتۇ، بەزىلىرى ئەمالار يېزىقىنى كەشىپ قىپتۇ، يەنە بەزىلىرى يېقىملىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىپتۇ، مەن نېمىشقا قىلالمىغۇدەكمەن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدا رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆ-رىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، مەن نېمىشقا رەسىم سىزىشتىكى ئالاھىدىلىكىمنى جارى قىلدۇرمايمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاجىز قىز غەيرەتكە كېلىپ، ئىشەنچكە تولىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەتكەن رەسىم قەلەملىرىنى قايتىدىن تېپىپ، قەلەمنى ئاغزى بىلەن چىشلەپ تۇرۇپ مەشىق قىلىشقا باشلايدۇ.

بۇ نىمىدېگەن جاپالىق مەشىق- ھە! ئاغزى بىلەن رەسىم سىزىشنى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كۆرۈش تۈگۈل ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇپ ئازابلىنىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— جېنىنى، ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمىگىن، نەدىمۇ ئېغىز بىلەن رەسىم سىزىدىغان ئىش بولسۇن، خاتىرجەم بولغىن، بىز سېنى بېقىپ كېتەلەيمىز،— دەيدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزى ئۇنىڭ رەسىم سىزىش ئىرادىسىنى يەنىمۇ چىڭىد-ىتىدۇ، ئۇ: «مەن قانداقمۇ ئۆيدىكىلەرنى ماڭا مەڭگۈ قاراتقۇزغۇدەكمەن؟» دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ جاپالىق مەشىق قىلىشقا باشلايدۇ، ئۇ ناھايىتى چارچاپ كەتكەنلىكتىن بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، تەرلىرى كۆزلىرىگە كىرىپ كېتىدۇ ھەتتا بەزىدە كۆز ياشلىرىمۇ رەسىم قەغىزىنى ھۆل قىلىۋېتىدۇ. ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن ئۇ دائىم سىرتقا چىقىپ گۈزەل سەنئەت ئۇستىلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. بىرقانچە يىللار ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىكارغا كەتمەيدۇ، ئۇنىڭ بىر پارچە مەنزىرە ماي بوياق رەسىمى بىر قېتىملىق رەسىم كۆرگەزمىسىدە كۆرگەز-مە قىلىنغاندىن كېيىن، گۈزەل سەنئەت ساھەسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

نىمە ئۈچۈنكىن، جېنىنى يەنە ئەدەبىيات ئۆگىنىشنى ئويلايدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە دوستلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ:

— جېنىنى، رەسىمىڭمۇ ياخشى سىزىدىغان بولدۇڭ، نىمىدەپ يەنە ئەدەبىيات ئۆگىنىپ ئۆزۈڭگە جاپا تا-

پىسەن، — دېيىشىدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولغاچقا ھېچ نەرسە دېمەيدۇ، ئۇ بىر ژۇرنال بىلەن رەسىم سىزىش ھاياتى ۋە تەسىراتلىرى بايان قىلىنغان بىر پارچە ماقالە ئەۋەتىش توختامى تۈزگەنلىكىنى ئويلايدۇ، گەرچە ئۇ زور كۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ ماقالىنى پۈتكۈزەلمەيدۇ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنىڭ ھەقىقەتەن تۆۋەنلىكىنى، چوقۇم باشتىن باشلاپ ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ بىر جاپاغا تولغان يول ئىدى، لېكىن ئۇ سەنئەت تاجىنىڭ كۆز ئالدىدا نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇپ، داۋاملىق تىرىشىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ.

شۇنداق، بۇ ئىنتايىن گۈزەل بىر چۈش، جېنىنى بۇ چۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. نۇرغۇن جاپالىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق بۇ گۈزەل چۈش ئاخىر ئەمەلگە ئاشىدۇ. 1976-يىلى ئۇنىڭ «جېنىنى» ناملىق كىتابى نەشىردىن چىقىپ، ئەدەبىيات ساھەسىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يېزىلغان 10 مىڭ پارچىگە يېقىن خەتنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ «يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەڭ» ناملىق كىتابى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ كىتابتا يازغۇچىنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، مېيىپ كىشىلەرگە ئاغرىق ئازابىنى قانداق يېڭىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەندى. كېيىن بۇ

كىتاب كىنوچىلىق ساھەسىگە يۈزلىنىپ، ئۇ ئۆزى كىنودا باش رول ئېلىپ، ياشلارنىڭ مەبۇدىسىگە، نەچچە ئون مىڭلىغان ياشلارنىڭ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەش، قەيسىرانە كۈرەش قىلىش ئۈلگىسىگە ئايلىنىدۇ.

【تەسىرات】

## قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىش

جېنىنى ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس خاراكتېرى ۋە ئىرادىسى ئارقىلىق ھاياتى، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدۇ، يېڭىچە تۇرمۇشىنى يارىتىدۇ.

بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئۆزىدە تەۋرەنمەس روھ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان ئېسىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشى، مەغلۇبىيەت ئالدىدا قورقماسلىقى، چېكىنمەسلىكى كېرەك. ئۇ قەيسەر ئىرادىسى ئارقىلىق تۈرلۈك مەغلۇبىيەتنى يېڭىدۇ، شۇ ئارقىلىق ھاياتلىق نىشانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

دەرۋەقە، مەغلۇبىيەت ۋە بەختسىزلىككە ئۇچراش شۈبھىسىزكى ئىنتايىن زور يوقىتىش. بۇ زىيانغا ئۇچرىغان ئىكەنمىز، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بارلىق ئامالىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئورنىنى تولۇقلىۋېلىشىمىز، زىياننى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش بىلەن بىرگە «سۈ كەلگۈچە توغان سېلىش»ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

بۇمۇ بىرخىل مەغلۇبىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلىدۇر ھەم بۇ نۇقتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن زور ئىرادە بولۇشى كېرەك.

بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان- قازانمىغان- لىقىنى پۈتۈنلەي تۇرمۇشتىكى ئورنى ئارقىلىق ئۆلچەشكە بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا قانچىلىغان جاپا- مۇشەققەتلەرنى يەڭگەنلىكىگە قاراش كېرەك.



# داۋىي ۋە گىگانت ئادەم گولىيات

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بېلېخېم شەھىرىدە يېسسى ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك سەككىز ئوغلى بار ئىكەن، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى داۋىي ئىكەن.

داۋىي كىچىك چاغلىرىدىمۇ يۈزلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان، قامەتلىك ۋە ساغلام بولۇپ، ئاكىلىرى دالىدا پادا بېقىۋاتقاندا ئۇ ئۇياق - بۇياقلارغا يۈگۈرۈپ ئوينايدىكەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ بەدىنى كۈچلىنىپ، قەلبى شادلىق ۋە جۈرئەتكە تولۇپتۇ. بەزىدە گۈزەل نەرسىلەرنى كۆرگەندە، يېقىملىق ئاۋازلار- نى ئاڭلىغاندا ناخشا ئېيتىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق، بىلەكلىرى كۈچلۈك، ئىرادىسى قەتئىي بولۇپ، تاش تاشلاش خالتىسىغا تاش ئېتىپ قالسا بىرەر قېتىممۇ چۈشمەي قالمايدىكەن.

يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، داۋىيمۇ پادا بېقىشقا باشلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ تاغ باغرىدا يېتىپ پادا بېقىۋاتقىنىدا، ئورمانلىقتىن بىر شىر ئېتىلىپ چىقىپ، بىر قوينى ئېلىپ قېچىپتۇ. داۋىي ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ قوغلاپتۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە ھېچبىر قورقۇنچ يوق

بولۇپ، پەقەت قوينى قوغدىغانلىقى ئۈچۈنلا قوغدۇلۇپ قېلىشنىلا ئويلاپتۇ. ئۇ شىرنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، ئۇنى ياپلىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، مۇشتۇمى بىلەن راسا ئۇرۇپتۇ، ياش داۋۇت ئاخىر شىرنى ئۆلتۈرۈپتۇ. يەنە بىر كۈنى بىر ئېيىق قوي توپىغا ھۇجۇم قىپتۇ، داۋۇت ئوخشاشلا بۇ ئېيىقنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ۋىلگىيەلىكلەر پۈتۈن قوشۇنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تاغ تىزمىلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئىسرائىلىيەلىكلەرنى يۇرت- ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. سارول شاھ قوشۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. داۋۇتنىڭ ئۈچ ئاكىسىمۇ پادىشاھقا ئەگىشىپ ھەربىي يۈرۈشكە مېڭىپتۇ، داۋۇت ئۆيدە قېلىپ پادا بېقىپتۇ. «سەن تېخى كىچىك، ئۆيدە قېلىپ قويلارغا ياخشى قارىساڭ بولمايدۇ» دەپتۇ داۋۇتنىڭ ئاكىلىرى.

40 كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جەڭ مەيدانىدىن تېخىچە خەۋەر كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېسسي داۋۇتنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— بۇ يېمەكلىكلەرنى ئاكىلىرىڭغا ئاپىرىپ بەرگەچ، گازارمىغا بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كەلگىن، — دەپتۇ.

داۋۇت سەھەردىلا گازارما جايلاشقان تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ گازارمىغا يېتىپ بارغاندا ھەربىي قوشۇن سەپ تارتىپ تەييار تۇرغان بولۇپ، داۋۇت ئادەملەر توپى ئىچىدىن ئاكىلىرىنى تېپىپتۇ. ئۇ ئاكىلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، سارول پادىشاھلىقى قوشۇنى

جىمجىتلىقتا چۆكۈپتۇ. قارشى تەرەپتىكى تاغ باغرىدا بىر گىگانت ئادەم پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ چوڭ قەدەملىرى بىلەن ئۇياق- بۇياقتا مېڭىپ يۈرگەن بولۇپ، ساۋۇت-دۇبۇلغىسى قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقاتتى. ئۇنىڭ قالقىنى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، سارول پادىشاھلىقىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەسكەرمۇ ئۇنى كۆتۈرەلمەيتتى؛ ئۇنىڭ قىلىچى ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، ئەڭ مۇستەھكەم ساۋۇت-دوبۇلغىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى.

— ئۇ گىگانت ئادەم گولىيات، ئۇ ھەركۈنى ئاشۇ تاغ چوققىسىدا پەيدا بولۇپ، بىز بىلەن جەڭ قىلىدۇ، لېكىن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىدىغانلار چىقمىدى، — دەپتۇ داۋىيىنىڭ ئاكىسى.

— نېمە! ئىسرائىلىيەلىكلەر ئۇنىڭدىن قورقىتىما؟ — دەپتۇ داۋىي، — ئۇلار (ئىسرائىلىيەلىكلەر) خۇدانىڭ پەرزەنتلىرىگە شۇنچىۋالا ئۆكتەملىك قىلىشىغا يول قويىدىمۇ؟ ھېچكىم جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى دېگەن قانداق گەپ؟ — ئۇ ئەھۋالنى بىرمۇبىر سوراپ چىقىپتۇ.

داۋىيىنىڭ چوڭ ئاكىسى ناھايىتى خاپا بولۇپ:

— راستىنلا ئۆز بېشىمچى ئىكەنسەن، جەڭ قىلىغىنىمىزنى كۆرگىلى كەپتىكەنسەن-دە، ئۆيدە قويلارغا كىم قارايدۇ؟ — دەپتۇ.

— كىم قارىسا شۇ قارايدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى بۇ يەرگە دادام ئەۋەتكەن تۇرسا، بۇ يەرگە كەلگىنىمگە

بەكلا خۇشال بولۇۋاتىمەن،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دا-ۋىي،ــ ئۆزۈم ئۇ گىگانت ئادەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ جەڭ ئېلان قىلىمەن، ئىسرائىلىيە ئىلاھى مېنى قوغدايدۇ، گولىياتنىمۇ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدىنمۇ قورقمايمەن،ــ دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغانلار دەرھال سارول پادىشاھنىڭ بارگا-ھىغا بېرىپ، داۋىينىڭ ئېيتقانلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ.

ــ ئۇنى ئەكېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار،ــ دەپ بۇيرۇق قىپتۇ پادىشاھ.

داۋىي پادىشاھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ تېخى كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا نەسىھەت قىلماقچى بولۇپتۇ. لېكىن، داۋىي ئۆزىنىڭ قورۇق مۇشتۇمى بىلەن قانداق قىلىپ شىر ۋە ئېيىقنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ــ تەڭرى ماڭا ئۇلارنى يەڭگۈدەك كۈچ ئاتا قىل-غانىكەن، ھېلىقى گىگانت ئادەمنى يېڭىشكىمۇ ئوخشاشلا مەدەت ئاتا قىلىدۇ،ــ دەپتۇ.

ئامالسىز قالغان سارول شاھ:

ــ بارغىن، تەڭرى ساڭا مەدەتكار!ــ دەپتۇ.

پادىشاھ ئۆزىنىڭ جەڭ كىيىمىنى، يەنى ساۋۇت-دۇبۇلغا، قىلىچىنى داۋىيغا تەقدىم قىپتۇ. داۋىي:

ــ مەن بۇلارنى ئېلىپ جەڭگە چىقسام بولمايدۇ، چۈنكى مەن بۇلارنى ئىشلىتىشنى تېخى ئۆگەنمىگەن،ــ

دەپتۇ ۋە كىيىملەرنى سېلىپ تاشلاپتۇ، چۈنكى ئۇ ھەربىر جەڭدە زەپەر قۇچقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ قورالى بولىدىغان-لىقىنى بىلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قورال- ياراغلىرىنى — خالتىسىنى، تاش تاشلاش ئەسۋابىنى يۇدۇپ، ئىسرا-ئىلىيە قوشۇنىدىن ئايرىلىپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. ئۇ تاغ ئېتىكىدىكى كىچىك ئېقىن بويىغا كەلگەندە سۇدىن بەش تال يۇملاق تاش سۈزۈۋېلىپ، خالتىسىغا سېلىپتۇ. سارول شاھنىڭ قوشۇنى تاغ ئۈستىدە بولۇپ، ۋىلىستىيە قوشۇنى يەنە بىر تاغدا ئىكەن، ئۇلار ھەيران بولغىنىدىن ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ قاپتۇ. گولىيات چوڭ قەدەملەر بىلەن يېتىپ كەپتۇ. ئۇ داۋىيىنىڭ قاملاشقان كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، تازا ئاچچىقلىنىپتۇ.

— ئەجەبا مەن ئىتمۇ، سەن نېمىشقا تاياق كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ، — ئىسرائىلىيەلىكلەر مېنى زاڭلىق قىلىپ سەندەك بىر كىچىك بالىنى ئەۋەتىپتۇ-دە؟ قايتىپ كەت، ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن كىچىك بالىكەنسەن، بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ ئاسماندىكى قۇشلارغا ياكى ئورمانلىقتىكى يىرتقۇچلارغا تاشلاپ بەرگەن بولاتتىم!— دەپتۇ، ئاندىن ئىسرائىلىيەلىكلەرنىڭ بارلىق ئىلاھلىرىنى قارغاشقا باشلاپتۇ.

لېكىن، داۋىي ھېچبىر قورقۇنچ ھېس قىلماپتۇ. ئۇ قەيسەرلىك بىلەن:

— قېنى كەلمەمسەن. قىلىچىڭنى، قالقىنىڭنى يەنە

نەيزەڭنى ئېلىپ كەلگىن. مەن سېنىڭ ئالدىڭغا ئىلاھنىڭ نامى بىلەن، سەن ھاقارەت كەلتۈرگەن ئىسرائىلىيە ئىلاھلىرىنىڭ نامى بىلەن كەلدىم. بۈگۈن تەڭرى سېنى ماڭا تاپشۇردى، سېنى چوقۇم مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئىسرائىلىيە ئىلاھلىرىنىڭ نامىنى تونۇتىمەن!— دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گولىيات داۋىيغا قاراپ ئېتىلىپتۇ، داۋىيمۇ جەڭگە تەييارلىنىپتۇ. ئۇنىڭ يوغان بەدىنى ئىرغاڭلاپ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا يەرگە يىقىلىپتۇ. گىگانت ئادەم يۈزىنى يەرگە يېقىپ ياتقىنىدا، داۋىي تېزدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ.

ئىسرائىلىيە قوشۇنى بۇنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن چۇقان ساپتۇ ھەممە تاغدىن چۈشۈپ تەرەپ- تەرەپكە قېچىپ يۈرگەن ۋىلىگىيە ئارمىيەسىنى قىرىشقا باشلاپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ، قەيسەر جەڭچىسىنىڭ كىچىك بىر سېرىق تۈك شۇمتەك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن ۋىلىگىيەلىكلەر بارگاھنى تاشلاپ ئۆز جايلىرىغا قاراپ قېچىپتۇ، ئۇلارنىڭ چېدىر ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق مال- دۇنيالىرىنى ئىسرائىلىيە قوشۇنلىرى ئىگىلەپتۇ.

ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن سارول شاھ داۋىينى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا:

— ئۆيۈڭگە قايتمىساڭمۇ بولىدۇ، ئەمدى مېنىڭ ئوغلۇم بولغىن،— دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، داۋىي يادى-

ـشاھنىڭ يېنىدا قاپتۇ ھەمدە پادىشاھ ئارمىيەسىنىڭ بارلىق
ھەربىي ھوقۇقىنى قولىغا ئاپتۇ. بارلىق ئىسرائىلىيەلىكلەر
داۋىيىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپتۇ، نۇرغۇن يىللاردىن كېـ
ـيىن ئۇ ساۋول شاھنىڭ ۋارىسى بولۇپتۇ.

【تەسرات】

## قەيسەر ئىرادە ئارقىلىق زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىش

بۇ ھېكايىدا قورقۇنچلۇق مەخلۇق، يەڭگىلى بولمايدىغان جەڭچىنىڭ بىر كىچىك بالا تەرىپىدىن يېڭىلگەنلىكى ھەمدە ئېتىقادنىڭ كۈچى ئارقىلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن بىر قەھرىماننىڭ ھېكايىسى، بىر ياشنىڭ جاسارىتى سۆزلەنگەن.

مۇۋەپپەقىيەت ئىشىكى يېپىپ قويۇلغان، ئەمما ئېتىۋېتىلمىگەن بولىدۇ، بۇ ئىشىك ئاشۇ قەيسەر ئىرادە ئارقىلىق ئۈزلىرىنى كۈچلەندۈرگەنلەرگە قالدۇرۇلغان بولىدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى، قورقۇنچ بولمايدىكەن، ئۇنداقتا بىزدە جاسارەت بار دېگەن گەپ؛ جاسارەت سىز قورقىسىزمۇ، ئازابلىنىسىزمۇ، سىزنى يەنىلا ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ. بۇ دۇنيادا ھەقىقىي بەدەل تۆلىسىڭىزلا نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ سىز ئۈچۈن ئوچۇق ئىكەنـ

لىكىنى بايقايسىز! شۇنداق، قەيسەر ئىرادە بولغانـدىلا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

باتۇرلۇق مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا. ئۆزىگە ئىشىنىش، ئىش قىلغاندا چېـ كىنمەسلىك، قەيسەرلىك بىلەن خەتەرگە تەۋەككۇلچىـ لىك قىلىش روھى بولغان كىشىلەرلا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدۇ.

ئويلاپ كۆرەيلى، كىچىك داۋىي قانداق قىلىپ چوڭ مەخلۇقنى يېڭەلىگەن، بۇنىڭ ھەممىسى زور جا-سارەت، تەۋرەنمەس ئېتىقاد ۋە دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىلنىڭ كۈچىدىن ئەمەسمۇ؟ لېكىن، جاسارەتنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان بۈگۈنكىدەك جەمئىـ يەتتە ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان، ئىرادىسى كەمچىل، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان ياشلىرىمىز ھەر جايدا چەتكە قېقىلىپ يۈرمەكتە. مۇـ ۋەپپەقىيەتكە قاراپ ئىنتىلىۋاتقان ياشلىرىمىز بولسا قەتئىي ئىرادە بىلەن تىرىشىپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، جاسارەتلىك بولۇپ، تېزدىن ھەرىكەتكە كەلمەكتە. ئاشۇ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان، پۇرسەتنى ئىگىلەشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر بىر ياش ناھايىتى قورقۇنچاق، ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا دائىم ئارىسالدى بولسا، كونا قېلىپتىن چىقالمىسا، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى يوق،

ھېچبىر خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش روھى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ بىر ئۆمۈر بىكار ياشىغان، ھېچقانداق ئۈمىدتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان كۈن كەچۈرگەن بولىدۇ.

شۇڭا، ھەممىمىز جاسارەت ۋە غەيرەت بىلەن ھەرقانداق خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشىمىز، قەتئىي ئۆزىگە ئىشىنىش ئىرادىسى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىشىمىز كېرەك.



بۇ كىتاب جۇڭگو دەۋر ئىقتىساد نەشرىياتىنىڭ 2006 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国世代经济出版社2006年1月第1版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر ھېكىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

# ئوقۇغۇچىلار ھېكايە دەرسخانىسى (3)

ئابلەت مەمەت
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەنۋەر ئوبۇل
قەلبىنۇر ھەسەن

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 م م 1/32، باسما تاۋىقى: 6
2010 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3000

ISBN 978-7- 5373-1835-8
ئومۇمىي باھاسى: 35.00 يۈەن (ئۈچ قىسىم)

سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2290930

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى مارس

بۇ كىتابتا مۇجەسسەملەنگەن ھەقىقەت

ئاتا - ئانىلارغا بايلىق

بالىلارغا ھەمراھ

ISBN 978-7-5373-1835-8

9 787537 318358 >

总定价：35.00元

12.00 يۈەن